دىلشات قېيۇم نۇر

# سۆيگۈ ئۆچۈ

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

دىلشات قىيۇم نۇر

# سۆيگۈ ئۈچۈن

(شېئىرلار)

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

3007/

مەسئۇل مۇھەررىرلىرى: ئابلىز قېيۇم
ئەنۋەر ھەسەن
مەسئۇل كوررېكتورى: ئابلىز ئابباس
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۇچى: غالىب شاھ

# سۆيگۈ ئۈچۈن

(شېئىرلار)

ئاپتورى: دىلشات قېيۇم نۇر

*

شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 100 ـ قورۇ، پ: 830001)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ چارۋىچىلىق باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1092×787مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋقى: 3
2003 ـ يىل 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2003 ـ يىل 9 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
ISBN7 — 5371 — 4715 — 9
سانى: 3000—1
باھاسى: 5.00 يۈەن

بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز

# مۇھەررىردىن

ياش شائىر دىلشات قېيۇم نۇر 1971 ـ يىلى 12 ـ فېۋرال قورغاس ناھىيىسىنىڭ كۆكدالا دېھقانچىلىق مەيدانىدا ھەربىي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇن يېشىدا ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىرگە تۇرپان شەھىرىگە كۆچۈپ كەلگەن. 1989 ـ يىلى تۇرپان شەھەرلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنى تاماملاپ، شۇ يىلى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جۇڭگو تىللىرى فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنغان. 1992 ـ يىلى تۇرپان شەھەرلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپكە تەقسىم قىلىنغان. 1998 ـ يىلى 5 ـ ئايدا خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن تۇرپان شەھەرلىك ئىتتىپاق كومىتېتىغا يۆتكىلىپ كېلىپ رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلمەكتە.

دىلشات قېيۇم نۇر ئەدەبىي ئىجادىيەتتە توختاۋسىز ئىزدىنىپ ئويناق، ھېسسىياتقا باي شېئىر ـ غەزەللىرى بىلەن كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ كەلمەكتە. 1987ـ يىلى «كېسەللىك سىرى» ناملىق تۇنجى شېئىرى «تۇرپان» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغاندىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى گېزىت ـ ژۇرناللاردا پوۋېست، ھېكايە، شېئىر ۋە ھەرخىل ژانىردىكى تەرجىمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 250 پارچىدىن ئارتۇق ئەسىرى كەڭ جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى. ئۇنىڭ بىر قىسىم شېئىر ـ

غەزەللىرى «ئاتەش نەپەسلەر»، «كۆمۈلمەس ئىزلار» نام-
لىق ئەدەبىي توپلاملارغا كىرگۈزۈلدى. بىر پارچە غەزىلى
9 ـ نۆۋەتلىك شىنجاڭ «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا
ئېرىشتى، «ئېزىتقۇ جانان»، «ئۇزۇمزارلىق ئۇزاق
يول»، «ئۈچ غەزەل» قاتارلىق لىرىك شېئىر ۋە غەزەللىرى
تۇرپان ۋىلايىتى بويىچە ئۆيۈشتۇرۇلغان ئەدەبىي ئەسەرلەر
مۇسابىقىسىدە ئۇدا «مۇنەۋۋەر ئەسەر» بولۇپ باھالاندى.
بۇ توپلامغا ياش شائىرنىڭ يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن
بۇيانقى بىر قىسىم شېئىرلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلدى.

# مۇندەرىجە


قىشنى قىلساڭ سەن باھار ........................ 1
دىلىم يايرايدۇ تەپتىڭدىن ........................ 2
بۇ يولنى شۇنداق بويلىسام ........................ 3
ئۈمىد يىغلايدۇ ئۆلپەتسىز ........................ 4
سۆيگۈ ئۈچۈن سۆيگۈ بىلەن خوشلىشىش ........................ 5
سېنىڭسىز ........................ 7
ئۆز پېتى ........................ 9
تۇغۇلغان كۈنۈم خاتىرىسىگە ........................ 10
ئارمان ........................ 11
پىغان شاخلايدۇ كۆلكەمدە ........................ 12
نۇر بوۋام ........................ 13
ئازاب تەڭلەيدۇ گۈلدەستە ........................ 15
جۇدالىق ........................ 16
بولمىسا ........................ 18
سەن ئەتەمنىڭ كۈلۈپ تۇرغان ئەتىسى ........................ 19
ئەتمىشلىرىڭ ناز ئىكەن ........................ 20
ئۈزۈمزارلىق ئۇزاق يول ........................ 21
قۇياش لىرىكىسى ........................ 22
كۆكدالا، قەلبىمدىن سۆيمەن سېنى ........................ 23
داۋاسىز ھالغا مەھكۇمەن ........................ 25

سەن ئەگەر بولساڭمۇ تەڭرىنىڭ قىزى ............ 26
ئايرىلىش ئازابى ............................ 27
چېچەك بولۇپ قال ............................ 29
قەلبىمدە ئىمكان يىلتىزى ...................... 30
تېڭىرقاشتا تىكىلدىم ............................ 31
سۆيگۈسەن سۆيگۈ دەپ ئاتالدىڭ قاچان؟ .......... 32
زېمىن مۇھەببىتى .............................. 34
هامان هەر جايدا يالغۇزمەن ...................... 35
تۆتلىكلەر .................................... 36
ئالمىشىپ قالدى پەسىل .......................... 37
چۆللەردە قالدىم سۆيگۈ دەپ ...................... 38
قەلبىڭ قەدەھ، مەن قۇيۇلغان مەي .................. 39
قۇياش سۆيەر ئىزلىرىڭنى سامادا .................. 44
مۇڭ بايان .................................... 46
كۆزدە ياش .................................... 47
كەيپ لىرىكىسى ................................ 48
ئارمان تۇماندەك لەيلىدى ........................ 50
ئىز دەش .................................... 51
سۆيگۈ رىشتى ئەسلىدە .......................... 53
هېسلىرىم سىڭگەن يۈرەك ........................ 54
چۆللىشىپ قالدى چۈشۈم .......................... 55
ئېزىتقۇ جانان ................................ 56
رىتىمسىز چايقالغان بىر قەدەھ ئۈمىد .............. 59
گۈل ئەمەستۇر ياشلىقىم .......................... 61
يارغا قويدۇم مەن سوئال .......................... 62
ئەل قەلبىدە ئۈچرىشايلى بىز ...................... 63

ئەته دەپ كۆتكەنتىم تۈنۈگۈن سېنى .................... 65
مەن مىراب دەردلەرگە ئاھ! ........................ 67
مەرد نىگار ............................... 68
ئىلتىجا ................................. 69
مەي سىرى ............................... 70
ھىدلىساڭ گەر بەزى گۈل .................... 71
كۆڭۈل ساقىي شاراب تۇتسا ................... 72
كەچۈرمەيمەن كەچمىشلىرىڭنى .................. 73
تەندە ئۆزھال قالمىدى ...................... 75
پىنھان ................................. 76
بىتاب ئەمەس بۇ يۈرەك ..................... 77
سۆيگۈ لوگىكام ............................ 78
تاقەتكە تەڭلەنگەن قەدەھ .................... 79
يۈلتۇزغا باقسام شىركەيپ .................... 80
سۆيگۈ ئىزدەپ ............................ 81
ئاخىرقى تىلەك ............................ 82
سىرتماقمىدۇر سىيمايىڭ ..................... 84
ئەسلىم كۆلەر كۆزى ياش ..................... 85
كۆلەلمىدىم سېنىڭسىز ....................... 86
قالدىم قۇچاقلاپ دەردنى مەن .................. 87

# قىشنى قىلساڭ سەن باھار

گۈل يۈزۈڭگە بىر قىيا باقتى ھەيران بولدى گۈل،
كۆزلىرىڭدىن جىلۋە نۇر كۆردى ۋەيران بولدى گۈل.

ئۈزلۈقىنى ساقلىدى تەندە ساقلاپ مىڭ تىكەن،
كىرپىكىڭنىڭ بەرگىدىن ئەسلىي پىنھان بولدى گۈل.

بولدى كىملەر بۇلبۇلى تەننى قىلدى مىڭ پورەك،
لەۋدە تۆكسەڭ ئۈنچىنى كۆردى نىمجان بولدى گۈل.

ھىدلىرىڭنىڭ تەپتىدە يىتتى پەسلى بىلمىدى!
قىشنى قىلساڭ سەن باھار كەيپى غەمخان بولدى گۈل.

مەن چىمەندە دەپ ئۆزى كۈلدى تەشتەك تەختىدە...
سەن دىلىمدا بىخلىساڭ قەلبى گۈلخان بولدى گۈل.

# دىلىم يايرايدۇ تەپتىڭدىن

(يۇرتۇم ئىدىقۇتقا بېغىشلايمەن)

كى شۆھرەت بابىدا تارىخ بېتىن چەككەن دىيارىم سەن.
سېنىڭ ھۆسنۈڭگە جەننەتمۇ بېشىن ئەگكەن دىيارىم سەن.

بېسىپ كەلدىڭ ئۆتۈق بىرلە تالاي مۇشكۇل سەپەرلەرنى،
ساڭا تارىخ بۈيۈكلۈكنىڭ ئېتىن چەككەن دىيارىم سەن.

قۇياش قوشناڭمۇ بىلمەيمەن، دىلىم يايرايدۇ تەپتىڭدىن،
بۈيۈك نامىڭ يۈرەكلەرنىڭ قېتىن چەككەن دىيارىم سەن.

سېنىڭ قوينۇڭدا ئۆسكەنمەن ياتاي ئۆلسەممۇ باغرىڭدا،
تاپالمايمەن سېنىڭدەك يۇرت، سۆيۈپ كەلگەن دىيارىم سەن.

# بۆ يولنى شۇنداق بويلىسام

گىدىيىپ ماڭسام ئېگىلمەي، سۆلەتكە تەسىر يەتكۈدەك،
سۆلىتىم سۇرەتقۇ مەيلى، ھۆرمەتكە تەسىر يەتكۈدەك.

قىلمىسام چوڭىنىڭ، كىچىكنىڭ ئىززەت ۋە ھۆرمەت - قەدرىنى،
كەلگۈسى ئەل ئالدىدىن ئۆتمەككە تەسىر يەتكۈدەك.

ماختىسا ئۇچسام پەلەكتە، تەنقىدكە سوقسام تام - توسۇق،
ئوينىسام بەزمە - سورۇندا خىزمەتكە تەسىر يەتكۈدەك.

نازىغا مەپتۇن بولۇپ يۈرسەم گۈزەللەر ئارقىدىن،
ئاقىۋەت تالالاپ ۋاپادار سۆيمەككە تەسىر يەتكۈدەك.

ئالمىسام ئۇزۇق مەگەركى پەن - بىلىم گۈلزارىدىن،
سۆرىلىپ يۈكتەك ئىسىت! مىللەتكە تەسىر يەتكۈدەك.

# ئۈمىد يىغلايدۇ ئۈلپەتسىز

يۈرەك ئاغرىيدۇ ئەپسۇسكى كۆڭۈلسىز دورا ـ دەرمەككە،
ئەجەب تەييار ئىكەن تەقدىر ئۈرۈپ هارمايدۇ تەستەككە.

ئۈمىد يىغلايدۇ ئۈلپەتسىز، نېچۈن خىلۋەتتە دىلتارىم؟
چىلىشقا زادى ئىمكان يوق پىغان كەلمەكتە ئەرمەككە.

بېقىپ يۈلتۇزغا مەن ئاخشام يېگانە ياشلىدىم كۆزنى،
نېچۈن پىخسىق ماڭا تەقدىر نېسىپ كۈلكەمنى بەرمەككە؟

ئەمەسمەن دەردكە بەخشەندە، لېكىن قەلبىمدە دەرد ئەلۋەك،
هايات شۈنداقمۇ ۋە ياكى كۆنۈپ قالدىممۇ تەستەككە؟

چوقۇم خىلۋەتتە ئىمكان بار! تېپىش تاقەتكە يۈكلەندى،
قاچان باققان پەلەك خۇشخۇي، هاياتتا قايتا تەنتەككە؟

# سۆيگۈ ئۈچۈن سۆيگۈ بىلەن خۇشلىشىش

سىڭىپ كەتتى جىسمىم ئارا ئاۋازىڭ،
كەيپ قىلدى سىرلىق لېۋىڭ ئەقلىمنى.
تىنىم تاپماي باغاشلىدى بىر ئازاب،
ئىمجان قىلىپ مېنىڭ ئوتلۇق قەلبىمنى.


تىنىقلىرىم ئازاب بىلەن چېقىلدى،
سۈرىتىڭگە تېڭىرقاشتا تىكىلىپ.
سەن ئۆزۈڭنى ئەجاد قىپسەن باشقىدىن،
كىملەر ئۈچۈن كىملەرگىدۇر ئېگىلىپ.

خىياللىرىم ئۇزاتقاندا ئۇيقۇغا،
چۈشلىرىمدە ئايان بولدى ئايرىلىش.
يۈرىكىمنى قامالىدىم ئېسەدەپ،
سەزمەكتىمەن بىر ھەسرەتلىك چايقىلىش.

سايەڭ بولۇپ تۆرەلگىنىم ئەپسانە،
نېسىپ بولماي قالدى ئۇلۇغ ئۆتۈنۈش.
كەتكەنىكەن پېشانەمگە پۈتۈلۈپ
نەتىجىسىز ھەم تىرىلىپ، ھەم ئۆلۈش.

يىقىلساممۇ ئۇنىسىز يىغلاپ ئەگەشتىم،
ئىزلىرىڭغا بىلىپ - بىلمەي چىرمىلىپ.
تاپالمىدىم تەبىر ئىزدەپ ئۆزۈمگە،
سەن ئېزىتقۇ رەپتارىڭغا كىرنۋېلىپ.

يەرلىكىمگە كۆمۈۋەتتىم ئۆزۈمنى،
ئەزرائىلدىن پىنھان پۈتتى ئويلىشىش.
يېزىپ قويدۇم تەنھا قەبرەم تېشىغا:
«سۆيگۇ ئۈچۈن سۆيگۇ بىلەن خوشلىشىش.»



# سىنىڭسىز

قەلبىم يارا، دىلىم غەش! پەسلىم خازان سىنىڭسىز،
بىلەلمىدىڭ، يېگانە ئەسلىم جانان سىنىڭسىز.

قەلبىمدىكى ئىلاھسەن! بىلمىسەڭمۇ ئاياشنى،
ئىشەن جېنىم! بۇ ھايات ئاخىرزامان سىنىڭسىز.

سېنتەبىرنىڭ سۆيۈملۈك ئاخشاملىرى يېقىمسىز،
تۇيۇلماقتا قاراپ باق! رەڭگىم سامان سىنىڭسىز.


ئۇمىدسىزلىك قاراڭغۇ زۇلمەت ئىكەن ئەزەلدىن،
تاپالمىدىم تەسەللى ئىزدەپ جاھان سىنىڭسىز.

كۇلۇشلىرىم كۇلكىلىك تۇيۇلىدۇ ئۆزۈمگە،
ئەجەبلەندىم شاھى تون ياماق چاپان سىنىڭسىز.

ياشاپ باقتىم يېگانە چۇشۇمدىمۇ بەختلىك،
ئۇستەكلىرى تەقدىرنىڭ ئېغىر ساپان سىنىڭسىز.

قىناشلىرىڭ تەپتى ئاھ! شائىر قىلىپ تونۇتتى،
ئالالمايمەن شېئىردا ھوسۇل - خامان سىنىڭسىز.

قولۇمدىكى قەدەھتىن ياسىۋالدىم قەلەمنى،
شۇندىن بۇيان ئاتالدىم ئۆمەر ھەييام سىنىڭسىز.



# ئۆز پېتى

قالدى چاقماق چاقسىمۇ ھەردەمدە ئاسمان ئۆز پېتى،
مىڭ ئازاب سالساڭمۇ گەر قەلبىمدە غەليان ئۆز پېتى.

ئاھ! ئەجەب بىلمەپتىمەن تەقدىرگە كۆرمىڭ ئالدىنىپ،
مەن غېرىب بولدۇم لېكىن، يەلكەمدە رەيھان ئۆز پېتى.

بىر بېقىپ ئەقلىمنى لال قىلغان ئېزىتقۇ قايدىسەن؟
قالدىغۇ سەنچۈن ئەجەب مىڭلارچە قۇربان ئۆز پېتى.

بولدى قوي ئەتمىشلىرىڭ مەن ئۈچۈن ھېچ گەپ ئەمەس،
تاج كىيىپ كەلسەڭمۇ ئاھ! ئەسلىمدە ھەيران ئۆز پېتى.

جام بىلەن مەي ئۇلپىتىم، بارمۇ بەختلىك مەنچىلىك،
قالمىسۇن ھەيران ئانام ئەقلىمدە ۋىجدان ئۆز پېتى.

## تۇغۇلغان كۇنۇم خاتىرىسىگە

بىر ئەپسۇس ئىلكىدە كەلدىم تولغىنىپ،
يىللارمۇ ئازابكەن گويا بىر تۇتاش.
كۆلبەمدە مەي ۋە مەن ئۇلپىتىم قەدەھ،
تۇغۇلغان كۇنۇمدە كۆزۇم يەنە ياش.

تەڭلىدىم ئۇچۇملاپ ساداقىتىمنى،
ۋە لېكىن بەرگىنىڭ تاۋۇشسىز جاۋاب.
كۇلكەمنىڭ يۇرىكى بوپ قالدى يىغا،
ئۆتمەكتە سەن ئۇچۇن يۇرىكىم قاناپ.

دوقمۇشنىڭ پەيزىدىن سۇرسەڭ كەيپنى،
ئۇمىدىم سەتىھدىن تامچىلايدۇ ھار.
دېرىزەڭ پەردىسى قايرىلمىدى ھېچ،
ئەسلىمنى قولتۇقلاپ كەلگەن رەۋىشتە—
تەنھالىق دەشتىگە قايتتىم يەنە يار.

ئەقىدەم ئىز بولۇپ قالدى كوچاڭدا،
ئەي شامال تېرىۋال! پۇركە گۇلۇمگە.
قىسمىتىم رەڭگىنى قېنىقلىدى ئاھ،
ئەپسۇسكى ئاي مۆكۇپ قۇتلۇق كۇنۇمدە...

# ئارمان

كۆڭۈلدە قالدى كۆپ ئارمان، سېنى سۆيدۈم دېيەلمەيمەن،
ئەزەلدىن كۆزلىگەن گۈلگە نېچۈن تەقدىر يېتەلمەيمەن؟

خەۋەرلەر تەپتى مىڭ خەنجەر، تىكىلىپ قاش تاشلىدى قارماق،
لېكىن ئارقاڭدا مەن تەييار، يېنىڭدىن ھېچ كېتەلمەيمەن.

ئەجەب بىر ھالغا مەھكۇم مەن، قەدەھلەر ئۇلپىتىم سەنسىز،
سېنىڭ قەلبىڭگە كىم سۇلتان؟ بۇنى سوراپ بىلەلمەيمەن.

يېقىمسىز مۇڭغا مەن تەڭكەش قەدەمدە بىر تىكىلىپ قاشتىن،
ئىشەنسەڭ لەختە قەلبىمنى سېنىڭسىز خوش ئېتەلمەيمەن.

ئۆزۈمنى ئالدىدىم تەكرار، يەنە قەلبىمدە بىر سەن بار…
ئۈمىدتىن زەررە ئىمكان يوق، نېچۈن سەندىن كېچەلمەيمەن؟

# پىغان شاخلايدۇ كۆلكەمدە

ئەجەب سىرلىق ئىكەن تەقدىر ۋە يا تەتۈرگە تەڭكەشمۇ؟
ئازابنى يۇكلىدى تىنماي (سۇنار پەيتىدە ئەپكەشمۇ؟!)

ئۇمىدلەر ئۇمچىيىپ قالدى، بەخت چەكچەيدى ماڭدامدا،
مېنىڭدىن ياتلىشىپ تەلەي، يېنىپ كەلمەسكە كەتكەچمۇ؟

پىغان شاخلايدۇ كۆلكەمدە، يېتىش مۇمكىنمۇ ۋەسلىڭگە؟
خۇشۇڭسىز ساختا يازغاندەك خېتىڭدە يوق چېكىت، پەشمۇ.

ئەزەلدىن قالدى بىر چەتتە سۆيۈلمەي ئوتتا كۆيگەنلەر،
رېئاللىق ئەسلىي تەڭسىزكەن! مۇھەببەت ياكى پەسكەشمۇ؟

خاراب قىلمايلى ياشلىقنى رەھىمسىز بىزگە تەقدىر دەپ،
چىدالماس ئەمدى ئىشقىڭغا گويا بىلسەڭ چويۇن مەشمۇ!

# نۇر بوۋام

## 1

دىدار نېسىپ بولمىدى ئەجەب،
ئەڭ كەنجىۋاي كىچىك نەۋرەڭگە.
ئۆتۈپ كەتتى بىرنەچچە باھار،
بارالمىدىم يوقلاپ قەبرەڭگە...

## 2

باغرى قانتقان بېخىل نامراتلىق
بۇدۇشقاقتەك تۇرغاچ چاپلىشىپ.
چۈشەلمەپتۇ شۇڭا نۇر بوۋام
بىر پارچىمۇ رەڭسىز سۈرەتكە...

## 3

كارىز بىلەن زاغرا مېھرىدىن
كېچەلمىگەچ بىچارە بوۋام،
كەپ باقماپتۇ ھەتتا ئۆمرىدە
بىر قېتىممۇ ئويناپ شەھەرگە...

## 4

كارىز چىپىپ ئەۋلادلىرىڭغا
قاداق چۈشكەن ئالىقانلىرىڭغا،
قورۇق باسقان ماڭلايلىرىڭغا
سۆيۈپ قوياي چەكسىز ھۆرمەتتە،
كىرىپ قالساڭ چۈشۈمگە بوۋا...



# ئازاب تەخلەيدۇ گۇلدەستە

سىنىگدىن ھېچ ئەسەر يوقتۇر، ئەجەب بولدى دىلىم خەستە،
ئۇمىد ئارمانغا قىيسايدى، دەقىق ئۆتمەكتە مىڭ تەستە.

كۆڭۈلدە بىخلىغان ئەسلىي ۋىسالنىڭ ئەلچىسى ئىمكان،
لېكىن تەقدىرگە دەز كەتتى! ئازاب تەڭلەيدۇ گۇلدەستە...

خىيالدىن باشقا دەردداش يوق مىنىڭدەك قەلبى كۆيگەنگە،
قاچان بۇ ھالغا مەھكۇم مەن ئۆزۈم نەلەردە؟ يوق ئەستە...

سىنىگسىز پەيتى ياتلاشتىم باھارنىڭ پەسلى گۇل باغدىن،
مۇھەببەت ئەسلىي تەڭسىزمۇ؟ جاۋاب پىنھان ئىگىز - پەستە.

تىرىكمەن! گەرچە ئۆلسەممۇ كۆڭۈل ئىزدەيدۇ كۆڭلۈڭنى،
ماڭا سەنچۇن سوغۇق گۆرلۈك، ئىشەن دىلبەر ھامان رەستە...

# جۇدالىق

نەلەردىندۇر كەيپ يانغان خىيالىم،
تونۇۋالدى يەنە مىسكىن ئەسلىمنى.
بىر ھەسرەتلىك چايقالدىم مەن ئەندىكىپ،
بەردى يۈرەك رىئاللىققا تەسلىمنى.

شۇ رىتىمدا كەتتىم ئەجەب قىينىلىپ،
يۈكسەك ئازاب نەشتەر بولۇپ تىقىلدى.
نىسىپ بولغان ئاقىۋەتكە ئامال يوق،
ئاھ! سۆيگىنىم قارا يەرگە يىقىلدى.

چۈشەنمىدىم تەكرار سىناپ ئۆزۈمنى،
بىلىپ تۇرۇپ سۇرىتىڭگە تىكىلدىم.
ئىزدەپ باقسام چۈشلىرىمدە ئۆزۈم يوق،
بىر ھەسرەتلىك قوشاق بولۇپ قېتىلدىم.

كۆنەلمىدىم ئالداشقىمۇ ئۆزۈمنى،
دەھشەت ئىكەن تىرىك تۇرۇپ ئايرىلىش.
كۆز ئالدىمدا كۆزۈڭ يۇمغان شۇ دەقىق،
جۇدالىققا بولدى تالاي باشلىنىش.

قانالمىغان ئىدۇق تېخى مۇڭدىشىپ،
كۇلەلمىگەن ئىدۇق تېخى يېتەرلىك.
ئىشەن جېنىم! مەڭگۇ يالغۇز ئەمەسسەن،
تۇتتۇم ساڭا ئەقىدەمدىن كېپەنلىك.

كىرپىكىمنى يېشىم بىلەن سۇغىرىپ،
ئىجاد قىلدىم ساڭا جېنىم گۇلدەستە.
قەبرەڭ يوقلاش قەرزىم مېنىڭ بىر ئۆمۈر
قەلبىمدىكى ئاھ! دىلبىرىم جىنەستە...



# بولمىسا

ئۆزلۈقۈڭ تاپماس كامال قەلبىڭدە زىننەت بولمىسا،
شۆھرىتىڭ ئاشماس ئەبەد ئىلكىڭدە ھىممەت بولمىسا.

بىر ئۆمۈر بىرلا نىشانىڭ بولمىغىن پەرۋانىسى،
قالىسەن ئۆسمۈر - گۆدەك كەينىدە سۈرئەت بولمىسا.

بىر مىسال: قىلمۇ سەۋەبسىز تەۋرىمەس زەررىچىمۇ،
ھېچ ئىشى ئاشماس ئەمەلگە ئەجرۇ مېھنەت بولمىسا.

كۆپ ئىكەن ئۆلپەتلىرىڭ سەن سېخىي بولساڭ ئەگەر،
كەتمىگەي ماڭدام بىرى يەلكەڭدە كۆلپەت بولمىسا.

ئاتىلىپ ئادەم دېگەن بۇ نامدا يۈردۈق گىدىيىپ،
تەس ئىكەن ئادەم بولۇش بۇ ھەقتە سەنئەت بولمىسا.

مەن تەپەككۇر ئەيلىدىم ئەقلىمنى تاپقاندىن بۇيان،
مىسلىسىز ئالەم نېمە بولغاي مۇھەببەت بولمىسا؟...

# سەن ئەتەمنىڭ كۇلۇپ تۇرغان
# ئەتىسى

بىر ناخشىنىڭ لەيلەپ قالغان پارچىسى
ئايان بولدى ئۆتمۇش بولۇپ چۇشۇمدە.
پاك قەلبىگە سۆيۈپ قويدۇم ئازابىنىڭ،
شەپەق رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەن لېۋىمدە.

ئامالسىزلا كۇلۇپ قويدۇڭ بەختلىك،
سۆيۈپ قالغاچ مەندىن بۆلەك ھەممىنى.
يامغۇر بولۇپ ياغسا ئەگەر ئازابىڭ،
تۇتار ئىدىم كۇنلۇك قىلىپ يۇرەكنى.

قەلبىمدىكى كېلەچەكنىڭ ئەكسى ئاھ!
كۆز ئالدىمدا سۆيۈپ قويدى لېۋىمگە.
تونۇش بولغان ناتونۇش بىر ئېھتىمال،
رېئاللىقنىڭ ئۇماق سىرلىق قەلبىدە.

سەن ئەتەمنىڭ كۇلۇپ تۇرغان ئەتىسى،
بىلىپ تۇرۇپ بىلمىسەڭمۇ ئاياشنى.
رېئاللىقتىن تاپالمايسەن مېنىڭدەك،
كۆيۈپ تۇرغان ئىككىنچى بىر قۇياشنى...

# ئەتمىشلىرىڭ ناز ئىكەن

بىر بېقىپ قەستەن نەزەر سالمىدىڭ شۇندىن بېرى،
ئاھ! ئەجەب قىلچە خەۋەر ئالمىدىڭ شۇندىن بېرى.

سۆيمىدىم ئۇنسىز سېنى! (يۈرىكىم بولسۇن گۇۋاھ…)
كۆزلىرىم ئەلچە قەمەر بىلمىدىڭ شۇندىن بېرى.

گەر ئۆلۈش بولسا نېسىپ سەن ئۈچۈن مەيدەم تۇتاي!
كىرپىكىڭ بولدى تەبەر ئاتمىدىڭ شۇندىن بېرى.

نە ئۈچۈن قويدۇڭ ئاياپ؟ قىينىماي بەرگىن جاۋاب،
سورىسام قاچتىڭ بەدەر، باقمىدىڭ شۇندىن بېرى.

ئاقىۋەت بولدۇم بىھوش تاقىتىم قالماي پەقەت،
شۇ دەقىق ئۇنتۇپ سەپەر ماڭمىدىڭ شۇندىن بېرى.

ئەسلىسەم ئەتمىشلىرىڭ ناز ئىكەن بىلمەپتىمەن،
ۋەدىمىز بولدى كەمەر چانمىدىڭ شۇندىن بېرى.

# ئۈزۈمزارلىق ئۈزاق يول

(قوشاق)

تومۇر كەبى يۈرەكلەرگە تۇتاشقان،
ئوت ماكانى دىيارىمغا ياراشقان،
گۈزەللىكتە جەننەت ھۆسن تالاشقان،
ياشلار يولى ئۈزۈمزارلىق ئۈزاق يول.

ياپراقلاردىن يۇلتۇز كۇلۇپ مارايدۇ،
ئۈزۈملەردىن سۆيگۈ ھىدى پۇرايدۇ،
يىگىت - قىزلار مۇھەببەتلىك قارايدۇ،
ياشلار يولى ئۈزۈمزارلىق ئۈزاق يول.

گۈزەللىكنىڭ يەيدۇ كۆزنىڭ يېغىنى،
شاھ - سۇلتانلار داڭلىيالماس بېغىنى،
سەن دوستلۇقنىڭ رىشتى گويا ئەل ئۈچۈن،
ياشلار يولى ئۈزۈمزارلىق ئۈزاق يول.

# قۇياش لىرىكىسى

مەن قۇياش!
ئايغا بەرسەم نۇرنى كۈندۈزدە،
يورۇيدىكەن قاراڭغۇ كېچە.
تاغ كەينىدە قالىمەن بىراق،
ئاي نۇرىغا تەلمۈرگىنىمچە.
ئۇنتۇلسامۇ ئاڭا نىھايەت —
ساقلاپ باقاي تاڭلار ئاتقۇچە...



# كۆكدالا، قەلبىمدىن سۆيىمەن سىنى

ئاھ! كىندىك قىنىم تۆكۈلگەن سەھرا،
تەڭ قىلمايمەن ھېچ جەننەتنى ساڭا.
يۇراپ كەلدىم مەن چىمدىم توپاڭنى —
ماختانسا ئەگەر بىراۋ يۇرتىدىن،
خەت كەلمىگەندە ماڭا پوچتىدىن،
سېغىنغىنىمدا سىنى يۇرەكتىن،
ئىھ، ئانا يۇرتۇم، ئانام كۆكدالا...
باھار - يازدىكى يامغۇرلىرىڭنى،
سوغۇق قىشتىكى قار - مۇزلىرىڭنى،
بىدە كۆكى ۋە چامغۇرلىرىڭنى،
بىلىق ئوينىغان بۇلاقلىرىڭنى،
تىرىپ ۋە تىرىپ تۇگىتەلمىگەن —
بىغىڭدىكى تۆتقۇلاقلىرىڭنى،
پاخپاق ۋە نۇرەك، ۋەللەي، غىلدىرچەك،
ئوماق قار بالا، چانىلىرىمنى،
ئوغرىلىقچە ئاھ! مىنىپ ئوينىغان،
باغلاقتىكى ئات - كالىلىرىمنى.
ئارقامدىن دىك - دىك سەكرەپ ئەگىشىپ،
مۆلدۇرلەپ قالغان قوزىلىرىمنى.

يەتمىشتىن ئاشقان يېشى (بەك تىمەن)
چۆچەكچى بوۋام، مومىلىرىمنى.
ئات ئېتىپ تالنىڭ چىۋىقلىرىنى،
بىللە ئوينىغان ئاداشلىرىمنى،
دىلىمغا ئىلىم سالغان تەر تۆكۈپ —
ئاشۇ جاپاكەش (بالدۇر قېرىغان)
شەمشىقەمەر دەپ مۇئەللىمىمنى.
پوچى ئاكاشىنىڭ (لېكىن كۆڭلى تۈز)
چوڭقۇر مەنىلىك چاقچاقلىرىنى.
ئىشچان ۋە لېكىن ئويۇننىڭ پىرى
شوخ يىگىتلەرنىڭ ئىسكرىپكا، داپ —
دۇتار بىلەن ھەم تەمبۇرلىرىنى،
سېغىندىم دىلدىن، ئوتلۇق يۈرەكتىن،
گۆدەكلىكىم ئاھ! قېپقالغان سەھرا —
ئېھ، ئانا يۇرتۇم، ئانام كۆكدالا...

* *

خەت تارتقىلىمۇ بۇرۇتۇم نېكەم،
بارالمىدىم مەن لېكىن سالامغا.
كەچۈر دىلىڭدىن، مەن تېخى بالا،
ئېھ، ئانا يۇرتۇم، ئانام كۆكدالا...

# داۋاسىز ھالغا مەھكۇمەن

نىگاھىڭ پەيزى قەلبىمگە سوغۇق سۇلكەتتە مۇڭ سەپتى،
كۆزۈڭ تۇنلەرنى ئەسلەتسە، كەيپ تەڭلەر لىۋىڭ تەپتى.

خىيالدىن ئەندىكىپ تەسكىن تاپالماي كەلدى بۇ ئەسلىم،
ئەقىلنى ئالدى ئۇلجام دەپ يا قاپقانمۇ يار ئەپتى؟

پىچىرلار تاڭدا شەبنەملەر غۇبارسىز تۇرقى ياپراققا...
لېكىن قالمايدۇ ھېچ ئىزنا (ئەنە ياپراق چىرىپ كەتتى.)

داۋاسىز ھالغا مەھكۇم بوپ يۈرەك ئاغرىيدۇ تەسۋىرسىز،
دىلىمنى بىر سىيما ئەپسۇس ئاران بىر پەس ماكان ئەتتى.

ئايا دىلبەر! قەلەندەرمەن سېنىڭ سىرلىق نىگاھىڭغا،
نېچۇن سۆيگۈ پورەكىڭدە مېنىڭ بەرگىم قۇرۇپ كەتتى؟

# سەن ئەگەر بولساڭمۇ تەڭرىنىڭ قىزى

تەڭرىمۇ دىلىمغا سالمىغان سېنى،
سەنمۇ ھەم ھېچقاچان كۆرمىگەن مېنى.
ئەرزىمەمۇ يوق ئىدى لېكىن بىر دەقىق
ئاشىقلىق ئىلكىگە ئالدى ئەقلىمنى.

قېشىڭدا بەتلەكلىك كىرپىكلىرىڭنى
مېنىلا ئېتىشقا ساقلىغانمىدىڭ؟
سۆيگۈنىڭ ئازابلىق تىلسىملىرىدا
مەقسەتلىك قىيناشقا چاقلىغانمىدىڭ؟

شۇ دەقىق گوياكى سېنىڭ سۈرىتىڭ،
مەن ئۈچۈن ياسالغان سىرلىق بىر كىشەن.
مەيلى سەن بولساڭمۇ تەڭرىنىڭ قىزى
سۆيۈشكە ھەقلىقمەن ئىشەنگىن ئىشەن!

# ئايرىلىش ئازابى

پورەكلىدى بىر تۈپ قىزىلگۈل
خىيالىمنىڭ قىرغاقلىرىدا.
شەبنەملەرگە ئايلىنىپ كەچمىش،
جىلۋە قىلار ياپراقلىرىدا.

1

بىرىپ كەلدى ئىككى رەت بۆگۈن،
ئەسلىمەمگە ئەگىشىپ ئەسلىم،
بىز سۆيۈشكەن جۇجەم تۈۋىگە.
قېتىپ قاپتۇ قەدەم ئىزىمىز،
گۇۋاھ بولۇپ ھىجران كويىگە...

ئاھ!
ئۇ چاغلار
يوقالمەيتتىم ھىدىڭىز پەقەت،
مەن قەلبىڭدە ئىدىم بىر ئىلاھ.
ئەپسۇس، غالىب كەلدى ئۇچىنچى،
سەندە ئەمەس بىر مەندە گۇناھ.

ئايرىلىشنىڭ ئازابلىرى ئاھ!
تۈيۈلمىغان بۈگۈنكىدەك ھېچ،
قۇرت يېگەن چىش كەبى جانان.
بىر قەلبىمگە — قەلبىمگە ياقتىم
ئاغرىقىنى لەۋ كەبى شۇئان...

2

چاقىرغۇنىڭ تونۇش ئاۋازى،
رېئاللىقا چاقىردى مېنى.
قاراپ باقسام يەنە شۇ جۈملە،
— سۆيۈملۈكۈم ساقلىماڭ مېنى.
بۈگۈن ئاخشام قاتار چېيىمىز،
ئۇستەلگىلا قويۇپ قويىمەن،
تەييار جېنىم تەييار چۆپىڭىز.

3

ئاھ!
ئايرىلىشنىڭ ئازابلىرى، ئاھ!

# چىچەك بولۇپ قال

سېغىنىش، ئۈمىد ھەم ئەسلەش ۋە كۈتۈش،
قۇرتتەك قەلبىمگە بەرمەيدۇ ئارام.
تەكەببۇر، بىۋاپا، گۈزەل مەلىكەم،
ئەسلىدە ئىدىڭغۇ بىرتال قوۋۇرغام...

كەچمىشلەر ئەتەمنىڭ مىسكىن ياپرىقى،
يول ئالدىڭ يىراققا بولغىن سەن ئامان.
ئادەم ۋە ھاۋادىن قالغان ئۇدۇم بۇ—
دۇنيادا ھەممىدىن ئايرىلىش يامان.

بەختىڭنى تىلەيمەن سۇرتۇپ يېشىمنى،
تەكەببۇر، بىۋاپا، گۈزەل مەلىكەم.
چېھرىڭدىن تەبەسسۇم يىتمىسۇن ئەبەد!
كەلمىسۇن بېشىڭغا مەندىكى ئەلەم...

سەن ئۇندا ياشايسەن، مەن بۇندا غېرىب،
كەلگۈسى ئاتالسام مەيلى بويتاق چال!
ئۇچرىشىپ قالمايلى دەردمەن سىياقتا،
قەلبىمدە سەن مەڭگۇ چىچەك بولۇپ قال...

# قەلبىمدە ئىمكان يىلتىزى

ھىجراندا تاۋلاندىم تالاي، ئۆلسەم كۆمۈلمەي ئىشقىلىپ،
ھەسرەتتە سازلاندىم يەنە ياتلارغا بوپ نەي، ئىشقىلىپ.

ئۈستەككە تۈتتۈم بىر دەقىق نازىغا دىلبەر ھەممىنى،
ئۆتكىنىم ئۆتكەن لېكىن، بىر رەت كۈلەلمەي ئىشقىلىپ.

كۆرمەي جامالىڭ... تۈشمۇ تۈش تەشۋىشكە تەڭلەندى تىلەك،
مەستت دېدى ئۈلپەتلىرىم، بىر جاممۇ ئىچمەي ئىشقىلىپ.

كەتمەكمۇ بولدۇم قول ئۈزۈپ قەلبىمدە سۆيگەن ھەممىدىن،
سىرتماقتا ئالدى بىر ئۈمىد! يۈردۈم كېتەلمەي ئىشقىلىپ.

قەلبىمدە ئىمكان يىلتىزى شاخلايدۇ بىر كۈن ئېھتىمال،
يۈرگىنىم يۈرگەن لېكىن، بىر رەت كۈلەلمەي ئىشقىلىپ.

# تېخىرقاشتا تىكىلدىم

ئېيتقىن جانان نە خىسلەت بار بويۇڭدا؟
بىلەلمىدىم بىلىش ئۈچۈن ئىنتىلىپ.
يۈرىكىمنى ئەسىر قىلغان كۆزۈڭگە،
تۇرۇپ قالدىم تېخىرقاشتا تىكىلىپ.

كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمىگەندەك بەزىدە،
قىيا بېقىپ ئۆتتۈڭ نەچچە يېنىمدىن.
كۆيگىنىمنى بىلمىدىڭمۇ يار پەقەت،
مەن ئەگەشسەم پىغان چېكىپ كەينىڭدىن.

ئېيتقىن جانان سەنمۇ مەندەك ئاخشىمى،
يۇلتۇز ساناپ ئوتلۇق خىيال سۈرەمسەن؟
تالاي قېتىم ئۆتتى پۇرسەت ھەي ئىسىت!
شۇ سەۋەبتىن قوشۇماڭنى تۈرەمسەن؟

# سۆيگۈسەن سۆيگۈ دەپ ئاتالدىڭ قاچان؟

خىسلەتلەر قىبلىسى قەلبىڭدە بىلسەڭ،
ياشاشىنىڭ مەنزىلى شۇ قەدەر سىرلىق.
ئەتىگە يۈكلەنگەن تەسۋىرسىز ئۈمىد،
ھاياتنىڭ تەبىرى مىسلىسىز قىرلىق.
ھەيرانمەن ئەقلىمنى تاپقاندىن بۇيان،
سۆيگۈسەن سۆيگۈ دەپ ئاتالدىڭ قاچان؟

بىر بۈيۈك ناخشىنىڭ ئەللەيلىشىدىن،
رىتىمسىز پەدىدە تولغاندى يۈرەك.
كۆلكىلەر تەبىرسىز ئايلاندى مۇڭغا،
قەلبىڭدە بار نېمە سۆيگۈدىن بۆلەك؟
ھەيرانمەن ئەسلىمنى تاپقاندىن بۇيان،
سۆيگۈسەن سۆيگۈ دەپ ئاتالدىڭ قاچان؟

ئەسلىنىپ ئەسىرلەر ئەزىزلەندى ھەم،
ئەزەلدىن سۆيگۈ دەپ كەلگەنلەر ئەنە.
كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرگەنلەر ئەجەب،
كىرپىكلەر نەم پېتى كەتتى قەبرىگە.
ھەيرانمەن ئەقلىمنى تاپقاندىن بۇيان،
سۆيگۈسەن سۆيگۈ دەپ ئاتالدىڭ قاچان؟

سەندە بار قۇياشنىڭ، پەسلى باھارنىڭ،
گوياكى تەسۋىرسىز تەپتى، ھىممىتى.
ئەسلىسەڭ ئىنساننىڭ بولمىغان ئەبەد،
سىنىڭسىز ھېچقاچان قەدىر - قىممىتى.
ھەيرانمەن ئەسلىمنى تاپقاندىن بۇيان،
سۆيگۈسەن سۆيگۈ دەپ ئاتالدىڭ قاچان؟

بىساناق گۈزەلنى ئالغان ئىلكىگە،
تەكەببۇر قەبرىلەر يىتتى قاغجىراپ.
سۆيگۈنىڭ تەپتىدىن ئالەم ئۆز پېتى،
ئاشىقنىڭ قەلبىدە يۈكسەك بىر ئازاب.
ھەيرانمەن ئەسلىمنى تاپقاندىن بۇيان،
سۆيگۈسەن سۆيگۈ دەپ ئاتالدىڭ قاچان؟

قايسى چاغ كۆزلەرگە كەتكەنتىڭ سىڭىپ،
قايسى چاغ ئالەمنى قىلدىڭ تەۋەللۇت؟
ياكى سەن زەھەرمۇ ۋە ياكى ئەنبەر؟
سەن گويا ئىزنىقۇ، سەن گويا مەبۇد.
ھەيرانمەن ئەقلىمنى تاپقاندىن بۇيان،
سۆيگۈسەن سۆيگۈ دەپ ئاتالدىڭ قاچان؟

## زېمىن مۇھەببىتى

ئاينىڭ نۇرى باغاش ئېتەر كېچىنىڭ
تىمتاسلىقى سىڭىپ كەتكەن زېمىننى.
(ئەلىساقتىن تىمتاس ئەمەس كېچىلەر،
بۇزۇپ كەلدى مۇھەببەت بۇ رىتىمنى.)

كېچە باقساڭ پارلاپ تۇرغان يۇلتۇزلار،
ئۈمىد بىلەن جىمىرلىتار كۆزىنى،
شان - شۆھرىتى پەلەكتە ھېچ بىلمىدىم،
نە ۋەجىدىن يەرگە ئاتار ئۆزىنى؟...

زېمىن تەڭداش مۇھەببەتكە ھەر كېچە،
نەزەر سالساڭ پەلەك ئۇنىڭ ئەكسىچە.
بۇلۇت ئارا ئايمۇ كۆلۈپ مارايدۇ،
ھەۋەس بىلەن تاڭلار ئېتىپ كەتكۈچە.

# هامان هەر جايدا يالغۇزمەن

لىرىكاكۇ دىلنى هوشسىزلاپ، يۈرەكنى دەردكە رام قىلدىڭ،
قۇتۇلماق پەسلى مەۋھۇمدۇر لېۋىمنى مەيگە جام قىلدىڭ.

چۈشۈمدىن سىرغىدى ئاخشام كۆڭۈلدە بىخلىغان ئارمان،
هامان تەڭلەپ نېچۈن كىرپىك تېنىمنى قەتلىئام قىلدىڭ؟

سىيمايىڭ تەپتىدە مەستخۇش ئىدىم، ئەپسۇس ئەلەس بولدۇم،
نېچۈن سەندە ئاياش ئالۋۇن؟ (كۆزۈمدىن قان تارام قىلدىڭ...)

خىيالىم چۆللىشىپ مەرتەم چۈشۈمگە تاشلىدىم قارماق،
لېكىن هەرجايدا يالغۇزمەن! ۋىسالغا تۈننى تام قىلدىڭ.

رېئاللىق يامغۇرى ئۆتتى يۈرەككە (ئۆچتى ئوت يالقۇن!)
لېكىن ئەقلىڭگە مەن هەيرانمەن... ئۈمىدنى دىلغا شام قىلدىڭ!

# تۆتلىكلەر

بەزىلەر قەسەمنى چەكسە بىلەككە،
مەن چەكتىم قەسەمنى ئوتلۇق يۇرەككە.
قەسىمىم ئۆچمەيدۇ ئۆلسەم ـ ئۆلمىسەم،
بۇ يۇرەك سوقمايدۇ سەندىن بۆلەككە.

*　　　*

كىرپىكىڭنى ئوق قىلىپ، قاشتا بەتلەپ ئات مېنى،
باغلاپ سۇمبۇل چېچىڭدا قۇلۇڭ ئەيلەپ سات مېنى.
مەيلى قۇل دەپ ساتامسەن، يامان كۆرۇپ ئاتامسەن
غەرق ئەتكىل بەھرىگە يا قىياندىن تارت مېنى.

*　　　*

تېڭىرقىسا ئىستەكلىرىڭ قىل خىيال
تەۋرەپ تۇرۇپ قىر ئاشالماس بۆشۇكنى.
قىلىپ مېھنەت قىلسا مىننەت ئەسكە ئال
چاشقان تۇتۇپ مىياڭلىغان مۇشۇكنى.

# ئالمىشىپ قالدى پەسىل

ئاھ! دىدار ۋەسلى ئۆچۆن سەدپارە دىل ئاھ! ئۆشبۆكۆن،
تولغىنىپ كەلدىم كۆيۈپ، (گوياكى قىل ئاھ! ئۆشبۆكۆن).

سەن بولۇپ قەلبىمگە شاھ، يوقتۇر نەزەر شۆندىن بېرى،
بولدىغۇ بەكمۇ ئۇزاق... (ھەتتاكى يىل ئاھ! ئۆشبۆكۆن).

نازلىنىپ كىرپىك قېقىپ، ئەقلىمنى لال قىلدىڭ قېچىپ،
ئالمىشىپ قالدى ئەجەب، (كۆتكەن پەسىل ئاھ! ئۆشبۆكۆن).

تۆن ئەمەس كۆندۆزدىمۇ يۆلتۆز بىراۋغا پارلىدى...
تار ئىكەن ئالەم ماڭا، (كەڭ يولمۇ زىل ئاھ! ئۆشبۆكۆن).

مەن غېرىب بولدۇم نىتەي كۆرمەي ۋىسالىنىڭ جامىنى،
ئاقتى كۆز ياش، يوق ئامال! (دەريائى نىل ئاھ! ئۆشبۆكۆن).

# چۆللەردە قالدىم سۆيگۈ دەپ

مەن پېقىر بولدۇم، لېكىن سەن شاھى سۇلتان ئەكسىچە،
چۆللەردە قالدىم سۆيگۈ دەپ، سەن باغدا رەيھان ئەكسىچە.

ئالدىدى مەۋھۇم ئۈمىد، (مەن بىر گۆدەكنىڭ تەگتۇشى!)
سۆيگۈمىز رىشتى غۇۋا··· ۋە ياكى قاپقان ئەكسىچە.

مەن ۋىسال پەيتى ئۈچۈن كەتسەم ئەقىلدىن ياتلىشىپ،
سەن نېچۈن دۈشمەن سۈپەت ياتلارغا چولپان ئەكسىچە؟

نازلىرىڭ ئەقلىمنى لال قىلغان دەقىق ئاھ! يىلغا تەڭ···
مەن كەيپ، بىھوش ئەمەس! سەدپارە — تالقان ئەكسىچە.

سۆيگۈدىن كۈتسەم ئۈمىد، سۆيدى ئازاب ئاھ! تۇشمۇ تۇش···
ئات مېنى! سەنچۈن يۈرەك گوياكى قالقان ئەكسىچە.

# قەلبىڭ قەدەھ، مەن قۇيۇلغان مەي

قولۇمدىكى ئوتلۇق قەدەھتە،
مۇزلاپ قالغان ئۈمىدمۇ، مەيمۇ؟
قەلبىمدىكى دېيەلمىگەننى،
بۇگۈن ساڭا دەيمۇ ـ دېمەيمۇ؟

* *

تەستەككىلا ئوخشايدۇ ئەجەب،
ئوماق كۆلكەڭ مېيىقلىرىڭدا.
قەلبىمدىكى ھىجرانىڭ ھىدى،
گۈپۈلدەيدۇ تىنىقلىرىمدا.

ئاچچىق ياشقا ئايلانغان كەبى،
سىرغىپ چۈشسەم لېۋىڭگە جانان.
كىلەرمەنمۇ ئېسىڭگە ياكى —
تۆكۈرۈپلا تاشلامسەن شۇئان.

قەلبىمدىكى ئوماق بىر تۇگۈن،
يېشىلمىدى ئوخشاشلا بۇگۈن.

ئاغرىنمايمەن سىنىڭدىن جانان،
سۆزلەپ بەرسۇن يۈرىكىڭ پەقەت —
شېئىرلىرىم مۇڭلاندى قاچان؟
مەجنۇن بولۇپ قالدىم كىم ئۈچۈن؟...

يۈرىكىمنىڭ قات - قاتلىرىدا،
بىر يىغام بار، يىغلىيالمىغان.
سەن ياتلارنىڭ بېغىدا خارسەن،
ئەلمىساقتىن بىخلىيالمىغان...

كىرلەشكەندەك يۈيۈپ قويامسەن
ئەقىدەمنى مىجىپ ۋە سىقىپ؟
مەھەللەڭدىن كەتسەم مەن يىتىپ،
ساۋاتلىقتەك ئىسمىمنى نىگار،
يۈرەرسەنمۇ قەلبىڭگە جىجىپ...

سەن يىراقتا بولغاچقا يىراق،
يانفونومنى سۆيۈپ قويىمەن.
سەن تېۋىنغان ئاشۇ سۆيگۈنىڭ
مەن قۇربانلىق ياۋاش قويىمەن...

تىنىپ قالغان يۈرەكتىكى دەرد،
دەريا ياساپ ئاققۇزىدۇ ياش.
ياقا يىرتىپ يىغلايدۇ يۈرەك،
مۇڭ - زارىدىن ئېرىپ كېتەر تاش.

جىسمىم نېچۈن؟ روھىمدەك ھارغىن…
ئىككىلىمىز بىر ۋە بىر لېكىن
دېيەلمەيمەن سېنى مېنىڭ دەپ،
تەتۈر بولۇپ قالغاچ بۇ ئېقىن.

مەيپۇرۇشنىڭ پۈچۈركىسى ئۇ —
ئۇستەلدىكى قەدەھ بىلەن مەي.
ساۋاتلىقۇ قىپ قويدۇڭ مېنى،
قەستىڭ نېمە؟ يۇردۇم بىلەلمەي…

دوراپ باقتىم كۆلكەڭنى نىگار،
سەنمۇ مەندەك يىغلاپ باق قېنى.
پېشانەمگە قويدى نوقۇشلاپ،
ئۆتۈنۈشۈم شۇئان نەچچىنى…

قىن - قىنىغا پاتمايدۇ ئازاب،
سىرغىپ چۈشكەن يېشىمغا قاراپ.
قېرى قۇياش گۇۋاھ ھەممىگە…
قۇربانلىرىم كەتتى قاغجىراپ.

سەن قەلبىمدە، لېكىن قەلبىڭدە
مەن ھېلىھەم ئەمەس ھېچنېمە.
يىغلاپ بەرگۈم كېلىدۇ ئەجەب
سەندىن بۆلەك بىلسەڭ ھەممىگە.

تەنھالىقتا قىلدىم ئىلتىجا:
جانىنى ئال، دەپ يىغلاپ خۇداغا.

ئۇرۇپ قويدى مۇرەمگە ئازاب،
ۋاپادارلىق مەن دەپ دۇنيادا...

قەلبىڭ قەدەھ بوپ قالسا بىردىن،
لىقلىنىمەن بىلىق كۆزىدەك.
غۇرۇرۇمنى چىمدىپ قويمىغىن،
مەن ھەييامىنىڭ مىسكىن كۆڭلىدەك...

بوۋاي بولۇپ قالغاندەك بىردىن،
كەچۈرۈۋەتكۇم كېلىدۇ سېنى.
كەيپ پېتى ئويغانسام سەھەر—
چۈشەپ قاپتۇ دېگىن سەن مېنى...

* *

يۈرىكىمنى ئاسقۇم كېلىدۇ،
يۇلۇپ ئېلىپ قۇلاقلىرىڭغا.
مەن ھېلىقى تارتىنچاق شائىر
ئەمەس بولغۇن ئىشەن ئۇنىڭغا.
قوغلاپ بېرىپ تۇتۇپ بىلىڭدىن،
مۇجۇپ - مۇجۇپ سۆيىمەن سېنى،
ئۇرغۇزۇۋەت ئەگەر خالىساڭ،
ۋاپادار قولچوماقلىرىڭغا.

مەيلى كېتەي دۇنيادىن ئاخىر،
ئۇ دۇنيادىن تىلەيمەن شۇنى.
چۆكسەم پەقەت بۇلاقلىرىڭغا...
كۆل بولساممۇ رازى سەن ئۈچۈن،
مەن تەگرىنىڭ دوزاخلىرىدا...



## قۇياش سۆيەر ئىزلىرىڭنى سامادا

(دادام قېيۇم نۇرغا ھۆرمەت بىلەن بېغىشلايمەن)

قورال تۇتقان قولۇڭدىكى ھاسساڭنى،
خىزىر ياساپ بەرگەنمۇ ئاھ، جان دادا؟
قۇياش سۆيۈپ كەلدى بۇيۇك نۇر بىلەن،
ئىزلىرىڭنى پەخىرلىنىپ سامادا.

يىللار ياساپ بەرگەن كۈمۈش تاج بىلەن
يارىشىپتۇ مەيدەڭدىكى ئوردېنىڭ.
ھەسەت قىلار ئىدى ھايات بولسا گەر،
شاھ - سۇلتانى سەلتەنەتلىك ئوردىنىڭ.

شېھىت بولغان سەپداشلىرىڭ جان دادا،
كىرەرمۇ ئاھ، تالاي - تالاي چۈشۈڭگە...
قانات بولغان تورۇق ئېتىڭ ھېلىھەم،
بەلكىم سېنىڭ ھازىرقىدەك ئېسىڭدە.

مەككە بىلىپ يىراقتىكى چېگرىنى،
ئۆچۈپ بارغۇڭ كېلەر مىڭ ردت گاھىدا.
(پەزىلەتلىك ئاپئاق چاچلىق بوۋاينى
سېغىنىندۇ، ئىشەن، ئەل - يۇرت جان دادا).

سۆزلەپ بىرەر كەڭسايدىكى چوققىلار
ھەۋەس بىلەن قارىغايغا قىسسەڭنى.
ئوتتۇز باھار قالدى يىراق چىگرىدا،
پورەكلىتىپ ئەلگە قوشقان ھەسسەڭنى.

پەرزەنتلىرىڭ پەخىرلىنەر سىنىڭدىن،
كەچمىشلىرىڭ كېلەچەكنىڭ ئەلچىسى.
ئەپسۇسلانما بوۋاي بولۇپ قالدىم دەپ،
سەن ھېلىھەم ئانا يۇرتنىڭ جەڭچىسى!



# مۇڭ بايان

نېچۈن كەلمەيدۇ بۇ تەقدىر بىرەر رەت پەيتى ئىندەككە؟
گۆدەككە بەكمۇ ئوخشايمىز، گويا تەقدىر كېپىنەككە.

بىلىپ ـ بىلمەي ئەزەلدىن شۇ ئۇدۇمغا بەكمۇ ماسلاشتۇق،
شۇڭا زورلايدۇ قىسمەتلەر هامان ساختا چىمەنلىككە.

كۆرۈپ بىرلا كۆيۈپ قالدۇق، لېكىن تەكرار بۇ هال تۇۋا،
كىرىپ قالدۇق بەخت ئىزدەپ ئەقىل تاپساق تىكەنلىككە.

ئەگەر پۇرسەتنى تاپساقلا ئاجايىپ ئۇستا ناتىق بىز،
قىلالايمىز قايىل گاسنى، تارىخ تەييار كېپىللىككە.

پەزىلەت ياتلىشىپ كەتتى تەسەللى ئىزدىگەچ مەيدىن،
ۋە يا پەرھىزمۇ مەي زورلاش كىچىك ـ چوڭ، تەڭ دېمەتلىككە.

نېمە قىلدى نابۇت بىزنى شۇنىڭغا ئەكسى تەلپۈندۇق،
بۇگۇن زەئىپ هاپاشلانسا يېتەلەمدۇق كېلەچەككە؟

سوئاللار كۆپ، جاۋاب ئاچچىق! ئەجەب تەقدىرگە گول بولدۇق،
ئاتاپ قويدۇقمۇ ۋە ياكى غۇرۇرنى ئاھ، كېپەنلىككە؟

# كۆزدە ياش

دەردتە قالدىم كۆزدە ياش، ئاقتى دەريا ئىلچىلىك،
سەپمۇ سالمايسەن ئەجەب ھالىمغا ئەپسۇس قىلچىلىك.

سەن يۇرەكنى قىپ ئەسىر، كەتتىڭغۇ كۆزدىن ئاھ! يىتىپ،
ئۆتتى سەنسىز ھەر دەقىق گوياكى ئون مىڭ يىلچىلىك.

سەندە يوقكەن ھېچ ئاياش! ۋە ياكى مەنمۇ دۇشمىنىڭ؟
سەۋىنىمنى كۆپتۇرۇپ يۇرگۇدەكسەن پىلچىلىك.

گاھى شاھمەن بەزىگە، ئەپسۇسكى ۋەسلىڭگە گاداي!
بولدۇمغۇ ئىمجان ئاھ ئەجەب! قىلغاچقا تەقدىر پەسچىلىك.

سەن ۋاپانىڭ ئەكسىنى قىلدىڭمۇ سۆيگۇ سوۋغىسى،
شۇمۇ ئەجرىڭ؟ بولدى بەس! ئەركىمگە ئەۋزەل مەستچىلىك...

# كەيپ لىرىكىسى

دەلدەڭلىگەچ كىرىپ قالسام چۈشۈڭگە،
قەدەھ بولۇپ سۆيۈپ قويغىن لىۋىمگە.
ئۇماق دەسسەپ چىقىپ كېتىپ چۈشۈڭدىن،
كەيپ پېتى كىرىپ كېتەي قەلبىڭگە.

*　　　*

ئازاب نېمە؟ قۇرۇپ كېتەر گىياھ ئۇ،
چۆچىكىڭنى باشلىۋەتكىن مەيپۇرۇش.
مەن كىملەرگە بېرىپ قويدۇم كۆڭلۈمنى،
ئەسلىمۇ ئاھ! بەلكىم ماڭا ناتونۇش...

مەيپۇرۇشنىڭ تۆغقىنىكەن ئۇلپىتىم،
شۇنداق دەپتۇ ساقىي يازغان خېتىدە.
شاراب ھىدى پۇراپ قالغان ئىسمىمنى
يېزىپ قويدۇم ئۇستەلنىڭ بىر چېتىگە.

يىراقتىكى ئەڭ ناتونۇش زىيالىي،
يىغلاپ بەردىم پەقەت ساڭا ئېھتىمال.
يۆلەپ قويدۇم مەن ئۆزۈمنى ئۆزۈمگە،
دەلدەڭلىگەچ ئالدىمدىكى مەجنۇنتال.

قەدەھتىكى قىرتاق، سۇزۇك تەسەللى،
سەن قەلبىمنى سۆيگۈ ئۇچۇن خەجلىۋەت.
كەچۇر مېنى نىگار، ساڭا يېقىندا
يازالمايمەن يىغلاپ تۇرۇپ سالام خەت.

*

ئاي ئاخىرى كەيپ بولماق بەك ئاسان،
مەيپۇرۇشنى سۆيۈپ قويغۇڭ كېلىدۇ.
ماڭدامدا بىر ئۇچرىتىسەن ئۆزۈڭنى،
كىملەرنىدۇر ئۇرۇپ قويغۇڭ كېلىدۇ.



# ئارمان تۇماندەك لەيلىدى

مەن گويا ياتتىم بۆشۈكتە، تەقدىرىم ئەللەيلىدى،
گاھىدا توقماق گويا، ھەر تەرەپ ۋاللەيلىدى.

تولغىنىپ كەلدىم ياشاپ كىملەرگە دوستمەن ـ ناتونۇش؟
كۆرمىدىم كۈتكەننى ئاھ! ھىجران يۈرەكنى چەيلىدى.

مەن يېنىڭدا سەنمۇ ھەم يۈردۇق ئىشەنمەي تەمتىرەپ،
سۆيگۈسىز قالدۇق شۇڭا ئارمان تۇماندەك لەيلىدى.

بىل نىگار، تەقدىر نېمە؟ ئۆزىمىز قىلدۇق ئىجاد!
بىلمىدۇق! ئاددىي جاۋاب قەلبىمنى پايخان ئەيلىدى.

كۆرمىدۇق قىلمىشنى ھېچ ئۆزىمىز قىلغان تۇرۇپ،
يۈكمۇ بىز، تەقدىر ئىشەك! بۇ سوئال ئەزۋەيلىدى.

# ئىزدەش


يېگانە ئەسلىمنى شىركەيپ باشلاپ
ھەسرەتلىك كۆلبەمدىن چىقتىم خىيالچان.
دوقمۇشلار قەلبىمدەك سۇنغان قاغجىراپ!
بىلمەيمەن كىم ئۇچۇن يىغلايدۇ ئاسمان؟

دەلدەڭلەپ كېلىمەن ئۇنسىز ئازابتا،
ئادەمسىز ئالدىمغا ئۇمىدسىز بېقىپ.
ئېھتىمال سەن مەندىن بەكمۇ يىراقتا،
ۋە ياكى قوشناڭمەن (كەلمەيسەن چىقىپ.)

ھەيرانمەن سۆيگۈنىڭ بەرگىنى قېنى؟
قالدىمۇ ۋە ياكى مەن سەپتىن چۈشۈپ.
ئىزدىدىم ئاھ! ئەجەب كۆرمىدىم سېنى،
بىلمەستىن يۇردۇقمۇ ياكى كۆرۈشۈپ.

تەلمۈرۈپ قارامسەن يولۇمغا ئۈنسىز،
ياكى سەن دۇنيادىن كەتكەنمۇ سەنەم؟
ئۆتەمدىم مەن سېنى كۈتۈپ ئۇمىدسىز،
ئېيتقىنا، ناتونۇش گۈزەل مەلىكەم؟

گاھىدا چاندۇرماي سۇرتۇپ يېشىمنى،
ھەر يانغا قارايمەن چەكسىز ئازابتا.
بىر گۈزەل بار چوقۇم كۈتمەكتە مېنى،
ئېھتىمال ئۇ مەندىن بەكمۇ يىراقتا...



# سۆيگۈ رىشتى ئەسلىدە

تىلىپ باققىن يۈرەكنى قان چىقامدۇ، ئازابمۇ؟
قۇربانلىرىم ساناقسىز، بىلەلمىدىم ساناپمۇ.

سوئاللارنىڭ تەشۋىشى تەستەكلەيدۇ تىلەكنى،
نە قىسمەتكە مۇپتىلا بولدۇم يوقتۇر جاۋابمۇ.

ساداقەتنىڭ بەرگىدىن لېپاپ ياساپ قەلبىمنى
سالسام تەكرار سادا يوق! يۈزۈڭ جانان كاناپمۇ؟

مېھرى ئىللىق مەن ئۈچۈن سەن مۆز چىراي كەپسى،
كەتكۈزەلمەي ئاۋارە بىراۋ ئىتتەك قاۋاپمۇ.

سۆيگۈ رىشتى ئەسلىدە نازۇك ئىدى، زىل ئىدى،
ئېيتقىن تەڭرى، ئۇ مېنى باغلاپ ئالغان تانابمۇ؟...

# هېسلىرىم سىڭگەن يۇرەك

بىر تىۋىش كەلمەكتە ئاھ! غەپلەتتە ياتماي سەز يۇرەك،
چاغلىماي تېپچەكلىمە (ھەسرەتتە قالغان دەز يۇرەك.)

گۇلمۇ كۆپ، باردۇر تىكەن! سۆيگۈگە تاقەت ئەيلىگىن،
يول يىراق، كۆرسەڭ چىمەن ھەيرەتتە قالماي كەز يۇرەك.

سۆيگۈچۈن ئاڭلاي دېسە بىر ياخشى مەرغۇل (مەيلى كىم)،
سەن قەلب دىلتارىنى ئۇلپەتكە سالماي ئەز يۇرەك.

ھېسلىرىم سىڭگەن ساڭا، سەن پارچە كاللەك گۆش ئەمەس!
سۆيگۈگە سوققىن! ياماندىن ئەلۋەتتە ئازماي تەز يۇرەك.

يېرىلىپ كەتمە ۋىسال پەسلى قۇچاقنى ئاچسىمۇ،
بول گويا تاۋلاپ ئۆزۈڭ، كۇلپەتتە چانماي بەز يۇرەك!

# چۆللىشىپ قالدى چۇشۇم

سەن قاچان قانداق كىتىپ قالدىڭ يىنىمدىن ئەي جانان؟
بەرمىدىڭ قىلچە خەۋەر تۇرغان يېرىڭدىن ھېچقاچان.

بولمىغاچ سەندىن سادا قەلبىڭدە كىم بار؟ بىلمىدىم،
ئۇيقۇسىز قالدى تۈنۈم! بولغاچ سىنىڭدىن دەرگۇمان.

سۆيگۈنى يۇرگەن ئىدىم گويا بەختىنىڭ جامى دەپ،
ئەكسىچە كۆردۈم مانا ھەربىر تىنىمدىن دەرد ـ پىغان.

چۆللىشىپ قالدى چۈشۈم، كىمكىن ئەيپكار بىلمىدىم،
ئاقسا كۆز ياش مەيلىمۇ چىقماي رىتىمدىن بوپ قىيان؟

مەن دىدار ۋەسلى ئۈچۈن يۈرسەم يولۇڭغا تەلمۈرۈپ،
بوپتىمەن يۇلتۇز سۈپەت ئاسمان قىتىڭدىن ساقىغان...

# ئىزىتقۇ جانان

ئىزدىگەننى تېپىشتىن ئۈمىدلىرىم ئۈزۈلدى،
كىملەر ئۆچۈن تۆرەلدىم، سوئاللىرىم جاۋابسىز.
قۇچاقلايمەن سايەمنى (يېتىم قالغان ئۇ ئەمەس!)
مەن تۇغۇلغان ئازابتىن بۇ دۇنياغا نىكاھسىز...

*　　　*

دوقمۇشلاردا تەلمۈرۈپ ئولتۇرىدۇ ئۈمىدىم،
يېيىپ قويۇپ ئالدىغا نەزەر كۈتۈپ قەلبىمنى.
ئۆتۈپ كېتەر يېنىدىن خىزىر سۈپەت تەسەللى،
سىلكىشلەيدۇ تېۋشىمۇ نىمجان قىلىپ ئەقلىمنى.

ئېقىن كەبى ئىنتىلگەن ئۈمىدلىرىم قىرغىقى،
يىراقتىنلا يېقىمسىز سۈرەت بولۇپ تۇيۇلدى.
گىرەلەشتىم سېنىڭسىز قەدەھ بىلەن باشقىدىن،
ئارمانلارغا مەي بولۇپ ئازابلىرىم قۇيۇلدى.

چېنىپ قالدىم بەزىدە (ئاغرىنمايمەن قەدەھتىن،)
دەلدەڭلىدىم خىيالچان ئۇلپەت قىلىپ كېچىنى.

تىنىقلىرىم تەپتىدىن ئۆرتەندى ئاھ! يۈرىكىم،
كىرىپ قاپتۇ چۈشۈمگە ئويناپ جانان چىچىنى…

خىياللىرىم ئەزەلدىن ئالداپ كەلدى قەلبىمنى،
بىلىپ تۇرۇپ مەن ھەلەك سېنى كۆرۈپ ئۆلۈشكە.
جامالىڭنى بىر كۆرۈپ ئۆلسەممۇ گەر مەيلىدى،
بولمىسىمۇ يەرلىكىم جەسىتىمنى كۆمۈشكە.

تۇرۇپ قالدۇق بەزىدە بىر دوقمۇشتا ئىككىمىز،
يىراقلىدىم يېتىرقاپ رېئاللىقنىڭ پەيلىدىن.
كۆز ئالدىمدا كۆزۈڭگە تىكىلسە گەر ئۈچىنچى،
دەھشەت ئازاب شۇ دەقىق ماڭا ئۆلۈم تەپتىدىن.

تالاي ئىزدەپ يېنىمدىن تاپالمىدىم مەن سېنى،
كىملەر كىمدىن قاچۇرۇپ ئالدى سېنى قوينىغا؟
بىرلا مېنى ئازابلاش بولسا ئەگەر مەن باراي،
گىرە سالما بولدى قوي، ئەمدى ياتلار بوينىغا.

قەدەھ بولۇپ لېۋىڭگە يېقىلىشنى چۈشەيمەن،
قەيەرلەرگە كۆمۈلدى چۈشلىرىمنىڭ تەبىرى.
قاچانلاردىن سۆيگۈنىڭ قۇربانىغا ئايلاندىم،
كىملەردىدۇر ئازابتىن قۇتۇلۇشنىڭ تەدبىرى؟

ئۈنسىز سۆيۈپ ئۈمىدسىز ئازابلىدىم ئۆزۈمنى،
شۇنداقتىمۇ يالغۇزۇپ يىغلىمايمەن تەڭرىگە.

كۆلكەم بىلەن سىرىمنى كۆنۈپ قالدىم يوشۇرۇپ،
كىم تەبەسسۇم ئەيلىگەن روھى ئۆلگەن بەندىگە.

سىناش ئۈچۈن ئەسلىمنى كىرگەنىدىم كەينىڭگە،
ئۆزۈم بولدۇم ئاقىۋەت مەسخىرىگە قالغىنى.
نە سەۋەبتىن بىلمىدىم چۈشەنمىدىڭ قەلبىمنى،
تۆرەلگەنمۇ ياكى سەن مەندىن قىساس ئالغىلى؟

*　　　*

قەلبىم يارا، دىلىم غەش... دەھشەت ئىكەن مۇھەببەت!
كەۋسەر تەڭلەپ ئاقىۋەت زەھەر بولدى بەرگىنى.
قالغانمىكىن تەڭشىلىپ ياكى شۇ چاغ تەڭرىمۇ،
ئازاب ئىكەن سۆيگۈ دەپ يۈرىكىمگە تەرگىنى.



# رىتىمسىز چايقالغان بىر قەدەھ ئۈمىد

(مۇۋەششەھ)

زارىقىپ كۈتۈشتىن تۆرەلگەن ئازاب،
بىر گۈزەل مۇڭ بەردى تىنىقلىرىمغا.
كىملەرگە گول بولۇپ قالدىم قاچاندىن؟
ئۆزۈممۇ ھەيرانمەن قىلىقلىرىمغا.

ئۆسكىلەڭ تاللارنىڭ شىۋىرلاشلىرى،
تەلمۈرگەن تىۋىشتىن بەرمەيدۇ شەپە.
قۇچاقلاپ قالدىم مەن يالغۇز ئۆزۈمنى،
گويا بىر ئۈدۈمغا چۈشكەن رەۋىشتە.

ھېيىقماس ھېسلاردىن سولغان يۈرەكنىڭ،
سىرغىدى ئاداققى بىر تېمىم قېنى.
سۆيۈملۈك دوقمۇشتا قېتىپ قالغان ئىز،
قەلبىمنىڭ كىملەرگە قالدۇرغان خېتى...

رىتىمسىز چايقالغان بىر قەدەھ ئۈمىد،
تەڭلەنگەن لېۋىمگە تەگمەيدۇ بىراق.

شۇ ئازاب ئىلكىدە كۈتمەن سېنى،
بىلمەيمەن ئارىمىز يېقىنمۇ، يىراق؟

ئەسلىمدىن ئايرىلغان بىچارە ئۆزۈم،
ئۈمىدسىز يىغلايدۇ بىرىنى كۈتۈپ.
گۈللەرمۇ مەزگىلسىز سولماقتا بۇ دەم،
ئەلۋىدا! ھىدىڭسىز كەتتىم مەن ئۆلۈپ...

# گۈل ئەمەستۇر ياشلىقىم

گۈل گۈزەل ئەسلىي ئەزەلدىن، ھەم گۈزەلدۇر تائەبەد،
پۈرىقى ئىپار گوياكى رەڭگى ھەرخىل، ھەر سۈپەت.

گۈل گۈزەل بولغاچ ئەزەلدىن ئەتىۋارلىق ھەممىگە،
ئاشىقى بۇلبۇل ئۈنىڭكى ئۇل ئۈچۈن سايرار ئەبەد.

بەزىلەر ياشلىقنى گۈلگە، بۇلبۇلنى چاغلار ئۆزىگە،
مەنمۇ باشتا بۇ پىكىرگە قوشۇلغانتىم نەچچە رەت.

ئەمدى بىلدىم ياشلىقىم ئۆز، ئوخشىماس گۈلگە بىراق،
توزۇغان گۈل ئاچىلاركەن، ياشلىقىم بىرلا نۆۋەت.

ياشلىقىم بىلدىم گوياكى تاڭ سەھەرنىڭ شەبنىمى،
ياشلىقىم پادىشاھلىقىم دەپ داغدا قالماي ئاقىۋەت.

# يارغا قويدۇم مەن سوئال

كىم تەسەۋۋۇر ئەيلىگەن سۆيگۈ ـ ۋاپانىڭ نەرخىنى،
يارغا قويدۇم مەن سوئال توغرا جاۋابنى بەر قېنى؟

يۈرگۈدەكمىش ئاڭلىسام ھەتتاكى تەڭرى ئاھ ئۇرۇپ،
كۆرمىگەچكە سۆيگۈنىڭ گوياكى گۈلدەك بەرقىنى.

ياردى كۆكنىڭ باغرىنى چاقماق رىتىمسىز تىغ ئۇرۇپ،
ياشقا سىڭگەن سۆيگۈدە گوياكى خۇمدان يەر قېنى؟

سۆيگۈ بولغاچ بۇ ھايات خۇددى سۆيۈملۈك سەيلىگاھ،
كىم ئۆلۈمنى سېغىنىپ كەتتىم بېھىشكە دەر، قېنى؟

مەيلى دىلبەر بىلمىسەڭ سۆيگۈمنى... (تاقەت مەندە بار!)
ساقىيا قۇي مەي ـ شاراب! ھەردەمدە ئۈچ ـ تۆت سەر قېنى؟

تەقدىرگە يۈكلەپ ھەممىنى يۈرمەككە كۆڭگەنلىك ئازاب،
شەيتانمۇ كۈلگەي بىلمىسەڭ گۈل ھەم تىكەننىڭ پەرقىنى!

# ئەل قەلبىدە ئۆچرىشايلى بىز

(شائىر دوستۇم ئۆمەرجان سىدىققا)

مىسكىنلىكنىڭ تىنىقلىرىدا
غۇرۇرۇڭنىڭ تەپتى پۇرايدۇ.
يىلتىزلاردىن رەسىدە قىزدەك
ئەتىلىرىڭ كۆلۈپ قارايدۇ...

ئەرزان قەلەم، مەيسىمان سىياھ
بەلكىم سېنىڭ پۈتكۈل بايلىقىڭ.
ئۈچ ۋاخ كىتاب قايغۇسى سېنى
قىيناپ كەلدى (يەتمەي ئايلىقىڭ).

ئۇستەل بىلەن كارىۋات ئارىلىقى
سېنىڭ ئۈچۈن يىراق، بەك يىراق...
تاڭ بىلەن تەڭ خىزمەت سېلىقى
ئەڭ ئاق كۆڭۈل، پىشقان باشلىقتەك
ئۇرۇپ قويار دولاڭغا ۋاق - ۋاق...
لېكىن ئارام بەرمەيدۇ ساڭا —
ئەڭ ئىچى تار، تەرسا خوتۇندەك،
(بۇمۇ ساڭا كۆڭۈللۈك بىراق...)

رېئاللىقنىڭ شۇنچە تەكەببۇر
سىناقلىرى سالپايغىنىچە
تۇرۇپ قالدى قانچە قېتىملاپ،
ھىيلە توشقان بېشىنى قاشلاپ،
كۈلۈپ تۇرغان كۆز ئالدىدىكى
ياۋاش، كەمتەر شائىرغا قاراپ...

ئادەم بولۇپ ئالغىنىڭ بەك ئاز،
شائىر بولۇپ بەرگىنىڭ سانسىز.
مىسكىنلىكنىڭ ئەيلىسۇن پەرۋاز...
قەلەمداشلىق مېھرى ئۆزگىچە،
شېئىر بولۇپ قالغان پېتىچە —
ئۇچرىشايلى ئەل قەلبىدە بىز...

# ئەتە دەپ كۈتكەنتىم تۈنۈگۈن سىنى


ئەتە دەپ تەلمۈرۈپ كۈتكەنتىم سىنى،
ئۆزگىدىن قىزغىنىپ ئىشەنگەن كۆڭلۈم.
ئەقىدە باغلىغان ئىدىم ئارزۇلاپ
سىنىلا يادلىغاچ ئۆتكەنتى ئۆمرۈم.

گوياكى تەبىر بوپ كۆرگەن چۈشۈمدە
شەپلەر بەرگەنتىڭ بەختتىن ماڭا.
ئۈيغىنىپ تىڭشىغىنى قىلدىم تەسەۋۋۇر،
بىر ئۈمىد ئىلكىدە تەلپۈنۈپ ساڭا.

كۆز بولۇپ قوينۇڭغا ئالدىڭ سەن مېنى،
ئۈمىدىم غازاڭ بوپ يوقالدى يىتۈپ.
مەن قالدىم يېگانە تالنىڭ بويىدا،
بىر گۈزەل جانانىنى ئۈمىدسىز كۈتۈپ.

قېنى ئۇ مەن كۈتكەن، سېغىنغان ئەتە؟
ئاھ، ئەمدى كۈتۈشلەر مەنىسىز بۈگۈن.
قېنى ئۇ قىزغىنىپ تەلپۈنگەن ئەتە؟
ھە بۈگۈن ئۇ پەقەت سەنسىز تۈنۈگۈن.

ئەسلىسەم ئۈچ كىچە شۇ بىر خىل ئازاب،
ئىچىندىم ئۆزۈمگە ئۈنسىز ئاغرىنىپ.
تەسەللى بىرەلمەي چىقىلدى قەدەھ،
ئاھ! ئەجەب قالدىما تەكرار ئالدىنىپ...



# مەن مىراب دەردلەرگە ئاھ!

بىر قىيا باقتىڭ ئەجەب! ئالدىڭغۇ جاننى سۆيگىنىم،
ئۆيقۇدىن قالدىم بۇگۈن (ئەتەمگە ئوخشاش ئۆگۈنۈم.)

مەن قىيان قىلدىم يەنە پىنھاندا ساقلاپ سۆيگۈنى،
مەن مىراب دەردلەرگە ئاھ! خىلۋەتتە قالدى كۆيگىنىم.

ئىزدىدىم قاچتىڭ قايان؟ كىملەرگە باقتىڭ خۇش چىراي…
راستىمدۇر سەنسىز نىگار ۋە ياكى يالغان كۈلگىنىم؟

مەن پەقەت ۋەسلىڭگە زار! قەلبىمدە ئارمان لىپمۇلىق…
ئار ئەمەس تەگمەي قەدەھ لەۋلەرگە چاڭقاپ يۇرگىنىم.

سۆيگۈ دەپ كۆيدى يۈرەك! (ئاتەش ۋىسالىنىڭ پەيتىمۇ…)
بولمىسا قولداش ئۈمىد، بولمامدۇ شۇ چاغ ئۆلگىنىم…

# مەرد نىگار

ئاشىقلىسام داغلاپ يۈرۈپسىز مەجنۇن، بۇدۇشقاق دەپ مېنى،
مەن ئۇچۇن سۆيگۈ دېڭىزىدا بىر ياخشى قولۋاق دەپ مېنى.

يار بىلىپ ۋىجدان بىلەن كەلگەچكە ياتتىن قىزغىنىپ،
ماختىنىپ قىپسىز جاكار: دائىم ئۇرۇشقاق دەپ مېنى.

ھەر نۆۋەت مېھرىم بىلەن ئويناپ كۆلۈك خۇشۋاخ دېسەم،
شاھ ئۇچۇن ۋاجىپ چېلىش ھەر چاغدا دۇمباق دەپ مېنى.

ناز بىلەن سالغاچ گىرە: بىر پەسلا ساقلاڭ دەپ قويۇپ،
ئۆزگىگە مەغرۇر سۇپەت ئارتۇقچە يۇك - تاق دەپ مېنى.

ئاشىقلىسام سەردار بولۇپ سۆيگۈ سېخىيلىق بابىدا،
ئۆزگىگە ئۆتنە بېرىپسىز، سەنمۇ سىناپ باق دەپ مېنى.

ئەل كۆزى ئەللىك ئىرۇر، ھەرقانچە تۆھمەت ئالدىدا،
پاك قەلب ئەسكە ئالار ھەر چاغدا شۇنداق دەپ مېنى...

# ئىلتىجا

مۇمكىن بولسا نىگارىم ئۆز ۋەدەڭنى ئەسلىۋەت،
تەمەننادا لەيلىمەي دەل پەيتىدە پەسلىۋەت.

كۈندە كەلمەس تەلىيىڭ (ساختا تەقدىر قىسمىتى!)
قالما ھەيران ئۆرىلەر بولسىمۇ گەر مىڭ قەۋەت.

قالدى كۆزۈم ياشلىنىپ، (سەن خەۋەرسىز بەزمىدە…)
مەن تەپەككۇر ئەيلىگەچ گۈلگە باقسام ھەر نۆۋەت.

ئازما دىلبەر، ئازمىغىن! كەلگۈسى ئاھ ئانىسەن،
بولسا شەيتان ئۇلپىتىڭ مىڭنى دەسسەپ چەيلىۋەت.

سۈرىتىڭگە تىكىلىپ ئۆتسە خىلۋەت مەيلىمۇ؟
پۈرسىتىڭنىڭ بارىدا قايتا بىر رەت ئويلىۋەت.

# مەي سىرى

بىر بۇرادەر لاپ ئۇرۇپ دەيدۇ بىزدە مەيدە بار،
بۇ جاھاننىڭ لەززىتى ئىزدىسەڭ بىر مەيدە بار.

مەنمۇ مۇشتلاپ مەيدىگە ئوتلىدىم نەق بىر شىشە،
ئارقىدىنلا بوپ سىخىي دەپتىمەن پۇل مەندە بار.

مەيلىدى پۇل خەجلىسەم يۇزمۇ قالماپتۇ ئىسىت،
قەي قىلىپ قان ياندۇرۇپ ئەمدى ئاغرىق مەيدە بار.

باشلىرىم پىر - پىر قىيىپ تەڭشىلىپ، دەلدەڭلىدىم،
يەر گويا ئاسمان بولۇپ، دۇم چۈشۈش ھەر دەمدە بار.

ئەتىسى ئىشتىھا چاتاق، باش - كۆزۈم كۆپكۆك يارا،
ئۆگۈنى تەنقىد - مازاق مەن ئۆچۈن دەم - دەمدە بار.

ئاھ ئاداش، لەززەت دىگەن بولسا شۇنداق پەندىيات!
بۇ گۇناھ يوق سەندىمۇ، مەيدىمۇ بىر مەندە بار...

# ھىدلىساڭ گەر بەزى گۈل…

تەقدىرى قىسمەت دېگەن شەكلى يوق سىرتماق ئىكەن،
سۆيگۈچۈن قالقان ئەمەس، ئەكسى ئۇ قىلتاق ئىكەن.

ئاز ئەمەس تەقدىرگە گول ئاھ! گويا پەرۋانىلەر،
سۆيگۈسىز ئىچكەن شاراب ئاقىۋەت قىرتاق ئىكەن.

ياخشىغا بەتلەپ ساداق بەردىڭ شاياتۇن بەختىنى،
تەبىرىم ئەپتىڭگە باب! (ئوڭ كۆزۈڭ جىرتاق ئىكەن.)

ئالدىراپ كۈتمە ئۈمىد ھۆسنى گۈل بولسا پەقەت،
ھىدلىساڭ گەر بەزى گۈل گۈل ئەمەس يانتاق ئىكەن.

تەقدىرىڭنى قولغا ئال، سەن تۆمۈرچى ياكى شاھ!
ياشىساڭ مېھنەت بىلەن يېڭىنىڭ قايماق ئىكەن…

# كۆڭۈل ساقىي شاراب تۇتسا

ئىشەنمەيمەن دېسەڭ ھەرگىز ئىشەنمەيمەن قارارىڭغا،
مېنىڭ قەلبىم ھامان تەڭكەش سېنىڭ سۆيگۈ ساتارىڭغا.

كۆڭۈل ساقىي بولۇپ تۇتسا شاراب دەرھال يىراقلاشقىن،
ئېزىپ قالساڭ كەيپلىكتە، چىداي قانداق خاتايىڭغا.

سېنى كۆزلەپ كۆرەلمەسلەر مېنى ئۇرغانغا ئەرزىم يوق،
قىلالمايمەن لېكىن تاقەت تىزىلسا گەر قاتارىمغا.

سېنىڭ ۋەسلىڭگە يەتمەكچۇن ئۆلۈپ كەتسەممۇ مىڭ مەرتەم،
ئىشەنچىم بار ھامان بىر كۈن بەختتىن جام تۇتارىڭغا.

رېئاللىقتىن تاپالمايسەن ساڭا كۆيگەن مېنىڭدەكنى،
يېزىپ قويغىن بۇ نامەمنى ئاناڭ پۈتكەن تۇمارىڭغا.

# كەچۈرمەيمەن كەچمىشلىرىڭنى

ئەمەس بولۇپ قالغان ئۆزۈمنى،
باشلاپ كەلگەن ئىدىم يېنىڭغا.
سۆيۈپ قويدۇڭ لېۋىگە ئۇنىڭ،
قېتىپ قالدى كۆزۈمدە شۇئان
مەنتىقىسىز گۈزەل كارتىنا.

ئەسلىمەمدىن پىغان پۇرايدۇ،
چۈشۈمدىمۇ ئىدىڭ مۇز چىراي.
ئۈمىدلىرىم ئۈمچەيگەن مەھەل،
تەڭلەپ كەلدىڭ قەلبىڭنى يېيىپ،
بوپ قالدىڭمۇ سەن ماڭا گاداي؟

چۈشەنمىدىم تالاي ئىزدەشنىڭ،
سەنسىز ئىدى دوقمۇشلىرىمۇ.
ئەمدى يالغۇز يۆلەپ ئۆزۈڭنى،
ئىزدەپ كەلدىڭ مېنى قاياقتىن؟
بۇ شەيتاننىڭ يوقلاشلىرىمۇ؟

بىر سېنى دەپ تەكرار تېۋىنىپ،
ئاھ! ئەسلىمدىن ئايرىلغان چاغدا،

كارۋان خىيال قىلغان بولاقتەك،
قولۋاق ئۇچۇن كېرەك پالاقتەك
قانداق كېلىپ قالدىم يادىڭغا؟

خەير دەيمەن، خوش ئەمدى جانان،
سەن قەلبىمدىن قوغلانغان سىيما.
كەچۇرمەيمەن كەچمىشلىرىڭنى،
قالسامۇ گەر چۆلدە سۇسىراپ،
ئەمدى سولماس قەلبىمدە گىياھ...



# تەندە ئۆزھال قالمىدى

مەيلىڭنى دىلبەر سەن ئەجەب كەلدىڭ دىلىڭدا سىر قىلىپ،
تەندە ئۆزھال قالمىدى قايماقتا باشىم پىر قىلىپ.

ھىسلىرىمدىن سىرغىدى كەچمىشلىرىمنىڭ ئەتىسى،
يۈرگىنىڭ يۈرگەن لىكىن، سۆيگۈمنى بەرىبىر قىلىپ.

ئۆكسۈدۈم ئەتمىشلىرىڭ قەلبىمنى تىلغايدۇ تالاي،
شۇندىمۇ شاھ سەن ماڭا، نازىڭنى ئاھ! تەدبىر قىلىپ.

مەست ئەمەسمەن ۋە لىكىن كەيپىمگە ئۇلپەت ھىدلىرىڭ،
بىر يىغام بار يىغلىسام تىترەيدۇ ئالەم دىر قىلىپ.

مەن كىتەر بولسام مىنى ئەسلەيدۇ كىملەر بىلمىدىم،
يوق ئامال ئىلغاشقا ئاھ! قەلبىمنى يار غەلۋىر قىلىپ.

# پىنھان

ھېسابسىز ساختا كۈلكەم بار، مىسالسىز دەردلىرىم پىنھان،
ئەزەلدىن ئۆزگە قەلبىم خار! قىياسىز خەتلىرىم پىنھان.

سېنىڭ ئەسلىڭنى ئىزدەپ مەن غېرىبلىق باستى پەسلىمنى،
سېنىڭسىز گۆرگە مەن تەييار ئىدىم پۈرسەتلىرىم پىنھان.

تەپەككۇر قولۇقىم ھاردى يېتەلمەي قارشى قىرغاقنا،
ئەجەب قىينايدۇ موھتاجلىق لېكىن ئۈلپەتلىرىم پىنھان.

يۈرەك يىغلايدۇ تەقدىردىن، (نېچۈن بىر چەتتە يالغۇزمەن...)
قاچاي مەسخىر، ئازابلاردىن دىسەم خىلۋەتلىرىم پىنھان.

تېڭىرقاش تەپتىدە بىر ھال ئۈمىدكە ئايلىنىپ قالدى،
لېكىن تەقدىرگە تەن بەردىم كۆڭۈلدە بەتلىرىم پىنھان...

# بىتاب ئەمەس بۇ يۈرەك

بۇ يۈرەك بىتاب ئەمەس بىلگىنكى ساپساق دىلبىرىم،
مەن پەقەت ۋەسلىڭگە زار! كىمكەن بۇدۇشقاق دىلبىرىم

كۆزدە ياش! سايەڭ سۈپەت يۈرسەم گىدەيسەڭ بىنەزەر
ھاردۇقۇڭ چىققايمۇ ئاھ! (قەستىڭمۇ شۇنداق دىلبىرىم؟

بىلمىدىم قەلبىڭدە كىم سۆرگەي كەيپىنىڭ پەيزىنى؟
تاشمۇ يا باغرىڭ سىنىڭ ۋە ياكى چاڭقاق دىلبىرىم.

كۆزلىرىڭ ئەقلىمنى لال قىلسا گۇناھكار مەنمۇ ئاھ!
ناز بىلەن ئالماققا جان قويدۇڭمۇ قىلتاق دىلبىرىم؟

كىم رەقىب؟ تەييار پىچىر! ئۆلسەم دىلىڭغا كۆم مىنى
كۆزگە ياش ئالدىڭغۇ ۋاھ! قىلدىمغۇ چاقچاق دىلبىرىم

## سۆيگۈ لوگىكام

قەلبىمنى دىمەيمەن قۇياشسىز ئالەم،
قەلبىمدە بىر سۆيگۈ ئۇ خۇددى قۇياش.
(قەلبىمدە سۆيگۈ دەپ ئېقىن توختاۋسىز،
ئېقىنغا تال كەبى ئەسلىم ئېگەر باش.)

سۆيگۈنى بىر ئۆمۈر قىلىمەن تاۋاپ،
تاپقاچقا سۆيگۈدىن قەلبىم تەسەللى.
سۆيگۈ دەپ جان بەردى پەرھاد ۋە شېرىن،
سۆيگۈ دەپ ھارمىدى يېزىپ زەلىلى...

سۆيگۈسىز قەلبىمدۇر بەئەينى قەپەس،
ئەركىمۇ قەپەسكە سولانغان بۇلبۇل.
سۆيگۈ بار سەھرايى كەبىردە شاھمەن،
ئەسلىمۇ سۆيگۈدىن قاناتلىق دۇلدۇل.

# تاقەتكە تەڭلەنگەن قەدەھ

تەقدىرگە تەلمۈرسەم ئەگەر ھەسرەتتە قالغاي ئامىتىم،
ھەم پۈكۈلگەي سۆيگۈچۈن ئاشماي داۋان ھېچ قامىتىم.

كۈتكەنگە كەلگەن بولسا گەر تۇرغان يېرىڭدىن بىر خەۋەر
مەيگە ئۇلپەت بوپ ئەلەس، ۋەسلىڭگە بۇنچە زارمىتىم؟

مەۋھۇم تەسەللى مەيپۇرۇش تاقەتكە تەڭلەيدۇ قەدەھ...
ئەتەمگە ئاھ، گول بولمىسام، ئۆلمەي جاھاندا بارمىتىم؟

سېغىنىشنىڭ پەيزىنى كىم سۈردى تەڭرى مەنچىلىك؟
دەردىمنى بىلسەڭ ئى نىگار، دۈشمەنگە بۇنچە خارمىتىم؟

مەن ۋاپانىڭ ئەھلىمەن، سۆيدۈم جاھاندا بىر سېنى...
دەردىڭنى تارتسام رازىمەن، چۈنكى بىراۋغا يارمىتىم...

# يۇلتۇزغا باقسام شىركەيپ

تەكرارغا تەڭكەشتۇر يۇرەك سالغىن ئازابنى، سال نىگار،
ئىمكانغا تولەپ كوپ بەدەل كويمەي يۇرەرمەن ھېچ دىدار.

كۆتكەن ۋىسالىنىڭ تەپتىدە ئۆلسەم تىرىك مەن قەبرىدە!
تاقەتكە يۆكلەنگەن ئۈمىد ئەپسۇسكى بەكمۇ بىغۇبار.

تەڭلەندى تەلمۇرسەم ئەجەب لەۋلەرگە جاملار قۇپقۇرۇق...
ئارمانغا ئالداندىم قاچان، كىملەرگە بولدۇم ئىنتىزار؟

تۈنلەرنى كۈتتۈم كۈندۈزى كورمەك خىيالىم چۈش ئەمەس!
يۇلتۇزغا باقسام شىركەيپ قەلبىمدە سانجاق ئاھۇ زار.

ئېيتقىن ھاياتمۇ سەن نىگار ۋە ياكى رەسسام سۈرىتى؟
چوللەرگە كەتمەيمەن چوقۇم گەر بولسا سەنسىز بۇ دىيار...

# سۆيگۈ ئىزدەپ

ئەمدى مۇمكىن بولمىغاي ۋەسلىڭگە دىلبەر يەتكىلى،
خۇددى مەجنۇنتال كەبى قەددىمنى يادەك ئەگكىلى.

دەستە تۇتقان خۇش پۇراق سۆيگۈمگە ئەلچى قىپ ساڭا...
بوپتۇ ئەپسۇس بەك ئۇزاق بەرگى خازان بوپ كەتكىلى.

كەتتى كەلمەس ئەمدى ھېچ ئەسلىڭنى ئاقلاش پۇرستى،
ئاقتى يۇلتۇز ئاسمىنىم يىل بولدى ئۇنتۇپ كەتكىلى.

سۆيگۈ ئىزدەپ، تەمتىرەپ يۇرسەڭ نىشانسىز ئۇۋچىدەك...
زەررە ئىمكان يوق ئەبەد، كۆڭلىڭنى خۇشۋاخ ئەتكىلى.

تەڭلا دەسسەپ جۇپ قىيىق (قىرغاقنى كۆرسەڭ بەك يىراق...)
دىلبىرىم بولماسمىكىن ئەمدى نىشانغا يەتكىلى!

# ئاخىرقى تىلەك


لېۋىڭدە تەبەسسۇم، كىرپىكلىرىڭ نەم،
ئۈمىدىنىڭ سەتھىدىن تىكىلدىڭ ماڭا.
بىر كاللەك ئازاب بوپ قاتقان يۈرەككە،
مىڭ تەستەك ئەمەسمۇ ئاشۇ كارتىنا!

قەلبىمدە شەپەقنىڭ مەۋھۇم پارچىسى
گاھىدا ياش بولۇپ سىرغىيدۇ ئاستا.
قېنى ئاھ! سەندىكى مەغرۇر كېلەچەك،
ئەقلىڭنى لال قىلغان تەقلىدي خۇدا؟!

كەچمىشلەر پەيزىنىڭ ئەكسىنى كۆردۈم،
مۇڭلانغان كۆزۈڭنىڭ سەتھىدىن غۇۋا.
گۈل قۇرۇپ قەلبىمدە ئۈنگەندە قەدەھ،
مەن ئۈچۈن مەھەلسىز ئايلانغانىدىڭ
ئاقسۆڭەك مەيپۇرۇش، تەرسا خېنىمغا...

بىر كاللەك ئازاب بوپ قاتقاندا يۈرەك،
كىم مېنى قايتىدىن سالدى دىلىڭغا؟

قەلبىمنى پاكلىغان ئىلاھىي بۇلاق —
ئىشەنسەڭ ماڭا خاس باشقا زېمىندا!
خەير خوش! بىۋاپا گۈزەل مەلىكەم،
بەختىڭنى تىلەيمەن سەندىن يىراقتا.



# سىرتماقىمدۇر سىيمايىڭ

خىيالىم ئەۋجىدە ئەپسۇس تەبەسسۇم ئەيلىدى چارچاش!
ئازاب ئىزنالىرى يىتمەي، ئۇمىد تەڭلەر قەدەھ قىيپاش...

ئوماق ئەسلىڭ كۆلۈپ ساختا مېنىڭدىن ياتلىشىپ كەتتى،
قىلار مەسخىر ئەقىدەمنى ساڭا تەقدىر بولۇپ سىرداش.

ئېسىمنىڭ تۆرىدە كەچمىش ھىدىڭسىز مۇڭلىنىپ قاپتۇ،
ۋىسالدىن بارمۇ، يوق ئىمكان؟ مېنىڭدە قالمىدى بەرداش.

گۇۋاھلىق بەرمىدى دوقمۇش! ئەمەستىم ئەسلىي مەن يالغۇز...
سىيمايىڭ بولدى سىرتماقتەك، بۇيۇك ئەركىمگە قوشما قاش!

كەيىپ مەن جىلمىيىپ قويساڭ، ئۇپۇپ قويما ئۆلۈپ كەتمەي...
سېنىڭ قەستىڭگە ھەيران مەن! قولۇڭدىن كەلگىنى قىيناش...

# ئەسلىم كۆلەر كۆزى ياش

لېۋىڭ تەپتى قىلىپ ئۇلجا يۇرەكنى ئايرىدى مەندىن،
قارام ئوۋچى قۇيالمايدۇ قولۇڭغا سۇ چۆچۈپ سەندىن.

قېقىپ كىرپىك، قىلىپ ئەسرا ئەقىلنى، ئەيلىدىڭ خامۇش!
ئەجەب دەيمەن، قۇچاق ئاچتى ساڭا روھىم كېچىپ تەندىن…

چېچىڭ چىرماپ خىيالىمنى… كۆزى ياشتا كۆلەر ئەسلىم!
گۇمانىم بار چوقۇم ئەپسۇن ئوقۇپ تۇتتۇڭ ماڭا قەندىن.

يۈزىن ئۆرۈپ چۈشۈم مەندىن قىلار تەقدىم سوغۇق تۈننى…
گويا شاھىم! مانا ئەمدى ئۈمىد كۈتتۈم سەدىقەڭدىن…

بۇيۇك ئەركىم كىشەنلەندى، نېمەم قالدى ماڭا تالىق؟
ھامان ئەتەڭدە مەن دەيسەن، ئەجەبلەندىم ئەقىدەڭدىن…

# كۆلەلمىدىم سېنىڭسىز

زەرداب قىيان يۇرەكتە، ئىشەنمىسەڭ تىلىپ باق.
كۆيگەن ساڭا ئەسلى ئۇ، چىن قەلبىڭدىن بىلىپ باق.

دىلتارىنى قەلبىمنىڭ توپا باستى، چاڭ باستى...
ئاڭلاي دېسەڭ دەردىمنى، كېلىپ بىر رەت چېلىپ باق.

قەلبىمدىكى سىيمانى قۇچاقلايمەن چۈشۈمدە،
قاقشال بولغان يۇرەككە يامغۇر بولۇپ يېغىپ باق.

ئەجەب ئىكەن، سۆيگۈنىڭ ئازاب ئىكەن مەنىسى!
كۆلەلمىدىم سېنىڭسىز، سەنمۇ مەنسىز كۈلۈپ باق...

قىيامەتنىڭ ئۆزىنى بەردىڭمۇ يا ئارىيەت!
سۆيگۈ دېسەڭ سۆيگۈچۈن سەنمۇ بىر رەت ئۆلۈپ باق...

# قالدىم قۇچاقلاپ دەردنى مەن

سۆيگۈ ئىزدەپ سۆيگۈسىز قالدىم قۇچاقلاپ دەردنى مەن،
كۆتمىگەنتىم ھېچقاچان ياردىن يېقىمسىز خەتنى مەن.

كۈندۈز كۆزۈمنى باغلىساڭ، تۈندە چۈشۈمدە ئاي ئىدىڭ…
مەنمۇ ئەخمەق نە سەۋەب سۆيدۈم سېنىڭدەك «سەت» نى مەن.

ھەر تېۋىنسا قولۇقىم قىرغاققا بەتلەپ مەيلىنى،
سايدا قالدىم ئاقىۋەتتە! ئارمانغا باشلاپ لەتنى مەن.

لەۋلىرىمنى گەز قىلىپ يۈردۈم گىلاسلىق باغ ئارا…
ھارماي يۈدۈپ ئاھ! لىق تاغار سوۋغاڭ گوياكى دەردنى مەن.

ھەر سېغىنسام مەن سېنى، ئىزدەپ تەسەللى شېشىدىن،
شائىر ئاتالدىم ئاقىۋەت كۈندە بوياپ ئاق بەتنى مەن.

图书在版编目(CIP)数据

为了真情/地里夏提·克尤木·努尔著. —乌鲁木齐：新疆青少年出版社，2003.9
ISBN 7—5371—4715—9

Ⅰ.为… Ⅱ.地… Ⅲ.诗歌—作品集—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.I227

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2003)第 081947 号

责任编辑：阿布力孜·克尤木
艾尼瓦尔·艾山
责任校对：阿布列孜·阿巴斯
封面设计：阿力甫·夏

为了真情(维吾尔文)
(诗歌集)
地里夏提·克尤木·努尔　著

新疆青少年出版社出版
(乌鲁木齐市胜利路100号 邮编：830001)
新疆新华书店发行　新疆畜牧印刷厂印刷
787×1092 毫米　32 开本　3 印张
2003 年 9 月第 1 版　2003 年 9 月第 1 次印刷
印数：1—3000

ISBN7—5371—4715—9　定价:5.00 元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىب شاھ

# سۆيگۈ ئۈچۈن



ISBN 7-5371-4715-9